ئومۇمي 29-سان

2022 يانۋار

# ئۇيغۇرلار

## *The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

ئۇيغۇرستان ئارزۇسى

80



زەينۇرە ئەيسا

80



ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش

1



2022 يانۋار
ئومۇمىي 29-سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژورنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.



باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت
مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئۆتكۈر ئالماس

**چىقارغۇچى ئورۇن :**
ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.
**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6009800461091>

ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنىڭ فرانسىيە پارلامېنتىغا ئېتراپ قىلىنىشىدىكى ھالقىلىق شەخش، سوتسىياللار پارتىيىسى رەھبىرى ھۆرمەتلىك ئولىۋېر فورېي ئەپەندى

# مۇندەرىجە


## مىسلىسىز ئۆيغىنىش

ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئىدىئولوگىيە ئاساسى 55

كىشىلىك مۇۋەپپىقىيەتتە تېخنولوگىيە ۋە خىزمەت ئۈنۈمدارلىقى

جىنايەتلەر كەچۈرۈلمەيدۇ 68

## خىتاي تەتقىقاتى

ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش

كەلتۈرمىزدىكى تۈنجى خىتاي 101

## گۈلىستان

ئاسىيادىكى ئۆزگىچە دۆلەت – سىنگاپور 73


## تارىخ ۋە بىز


ئۇيغۇر تارىخىدىكى زور كۆچۈشلەر 34


**مۇقاۋىدا:**

**زەينۇرە ئەيسا خانىم (1941-2022)**








## خەلقئارا ۋەزىيەت

خىتاينىڭ ۋىرۇس تىزگىنلەشتىكى مىليون كىشىلىك ئارمىيىسى 87

خىتاي-ئوتتۇرا ئاسىيا مۇناسىۋەتلىرى: تەشۋىش ئىچىدىكى ئورتاق مەۋجۇتلۇق 94

## ساغلاملىق

خاراكتېر بىنورماللىقى ۋە سەلبىي كەيپىياتنىڭ ئەدىشى 62

## مەدەنىيەتىمىزدە ئىسلام

دۆلەت، مىللەت ۋە جەمئىيەت 27

## كۆپچىلىكتىكى ئۇيغۇرلار

زەينۇرە ئەيسا كىم؟

## ئۇيغۇر تەتقىقاتى

خىتاي تاجاۋۇزىدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ئارزۇسى ھەققىدىكى دوكلات


**كەينى مۇقاۋىدا:**

**ئۈمىد ( گۈلناز تۇرسۇن سىزغان)**



خىتاي تەتقىقاتى

# ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش

# THE WAR ON THE UYGHURS

شان روبېرتس



Internal Campaign

a Muslim Minority

## ئۈچىنچى باب: ئۇيغۇرلارغا باغلانغان ئاتالمىش
## «تېرورلۇق تەھدىتى» ھەققىدىكى سۆز-چۆچەكلەر ۋە رېئاللىقلار
### (داۋامى)

تەشۋىقات كۆنتەرتىپىگە كەلسەك، «ئىسلام ئاۋازى» 2008 ـ يىلىدىن 2010 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئوخشىمىغان ئىككى سەپتە خىتايغا قارشى ئۈچ،ۈر ئۈرۈشى قىلغان بولۇپ، ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر دىيارىدىكى مۇسۇلمانلارنى خىتايغا قارشى جىھاد قىلىشقا ئۈندىسە، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقئارا جىھاد تورىنىڭ دىققىتىنى خىتاي (ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان)غا بۇراپ، ئۇلارنىڭ خىتايىنى دۈشمەن ۋە كەلگۈسى نىشان دەپ قارىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقان. 2009 ـ يىلىنىڭ بېشىدىكى نۇرغۇن ۋىدىيولار ئېنىقلا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى بۇ دۆلەتكە قارشى جىھاد قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈرۈنۈشى ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە جىھادنىڭ ئۇيغۇر دىيارىنى ئازاد قىلىش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھقا بولغان مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش جەھەتلەردىكى مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرىدىغان ۋىدىيولار، شۇنداقلا جىھاد قوزغاش مېتودلىرى مۇلاھىزە قىلىنغان يېتەكچى ۋىدىيولارمۇ بار ئىدى (62). 2009 ـ يىلى 7 ـ ئايدىكى ئۈرۈمچى مالىمانچىلىقىدىن كېيىنكى ۋىدىيولاردا بۇ ۋەقەلەر ئۇيغۇرلارنى شەرقىي تۈركىستاندا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە چاقىرىق قىلىش ماتېرىيالى سۈپىتىدە ئوچۇق ـ ئاشكارا قوللىنىلدى (63). بۇ ۋىدىيولارغا باشقا ئۇيغۇرچە ۋىدىيولار قوشۇلۇپ، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ كۆچى نامايەن قىلىنغان ھەمدە شەرقىي تۈركىستاندا قوزغالغان ھەر قانداق جىھادقا ياردەم بېرىشكە ۋەدە قىلىنغان (64). بۇ ۋىدىيولار ئەتەي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەرەبچە ژۇرنىلى ھەمدە بىر قىسىم ئەرەبچە ۋە تۈركچە ۋىدىيولىرى چەتئەلدىكى بولغۇسى مەبلەغ سالغۇچىلار ۋە قوللىغۇچىلارغا قارىتىلغان. 2009 ـ يىلىدىكى ئۈرۈمچى مالىمانچىلىقىنى چۆرىدىگەن ۋەقەلەرنى چۈشەندۈرگەن مۇشۇ تۈردىكى ئەرەبچە ۋىدىيولاردىن بىرى باشقا جىھادچىلار ۋە ئۇلارنىڭ قوللىغۇچىلىرىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن (65). دەل ئاشۇ ۋىدىيو ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، «ئىسلامىي مەغرىبتىكى

**ئەلقائىدە» رەھبەرلىرى خىتايغا تەھدىت سالغان بولۇپ، بۇ ئەرەب جىھادچى تەشكىلاتلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم خىتايغا تەھدىت سېلىشى ئىدى (66).**

**گەرچە 2010 ـ يىلىدىن 2012 ـ يىلىغىچە، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ۋىدىيولىرى داۋاملىق تۈردە ئۇيغۇر دىيارىدا جىھادنى تەشۋىق قىلىشقا مەركەزلەشكەن بولسىمۇ، بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلارغا ئالاقىسىز تېمىلارمۇ «ئىسلام ئاۋازى»نىڭ كۆنسېرى كېڭىيىۋاتقان ۋىدىيو كاتالوگىغا كىرگۈزۈلگەنىدى. قىزىقارلىق يېرى، بۇ بۇرۇلۇش ئابدۇلھەقنىڭ ئاتالمىش ئۆلۈمى ۋە «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى ئۆزگىرىش بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. (بۇ ۋاقىتتا) ئابدۇشۈكۈر ئابدۇلھەقنىڭ ئورنىغا ئەمىر بولدى، ئابدۇللاھ مەنسۇر ئۇنىڭ مۇئاۋىنى بولدى. نىسبەتەن يېڭى كەلگۈچى ھېسابلىنىدىغان ئابدۇلئەزىز «ئىسلام ئاۋازى»نىڭ مەسئۇللۇقىنى ئابدۇللاھ مەنسۇردىن ئۆتكۈزۈۋېلىپ، تاراتقۇ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. بۇ «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ 2010 ـ يىلىغا كەلگەندە، ھەسەن مەخسۇم بىلەن ئاساسەن شەخسىي ئالاقىسى قالمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ئەمما مەزكۇر تەشكىلات داۋاملىق تۈردە ھەسەن مەخسۇمنىڭ ۋىدىيولىرىنى ئىشلىتىپ، ئۇنىڭ بۇ تەشكىلات تارىخىدىكى رولىنى نامايەن قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان. ھالبۇكى، بۇ تەشكىلاتقا ئەمدى تالىبانغا ئۇزۇن مۇددەت خىزمەت قىلغان ئىككى ئۇيغۇر بىلەن سەلەفىي مەنھەجنى تولۇق قوبۇل قىلغان ياش ئۇيغۇر دىنىي ئوقۇتقۇچى رەھبەرلىك قىلاتتى.**

**ئابدۇلئەزىزنىڭ ۋىدىيولاردىكى نۇرغۇن كۆرۈنۈشىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ ئۆزىنى سەلەفىي ئەنئەنىسگە ئىگە، جىھاد ساھەسىدىكى بۈيۈك ئىسلام ئالىمى سۈپىتىدە كۆرسەتكەن. شۇنداقلا، ئۇ ئۆزىنى ئۇيغۇر دەۋاسىدىن ھالقىغان، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا زۇلۇمغا ئۇچرىغان مۇسۇلمانلارنىڭ باياناتچىسى سۈپىتىدە كۆرگەنىدى (67). 2011 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئابدۇلئەزىز «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ۋىدىيولىرىنىڭ ئاساسەن ئۆزگەرمەيدىغان تەركىبلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىقى جىھادنىڭ پەرزلىكى توغرىسىدىكى دىنىي دەرسلىرىمۇ مەخسۇس ۋىدىيو قىلىپ ئىشلەنگەن (68). بۇنىڭدىن سىرت، ئابدۇلئەزىز بۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىرىستاندا باشقا مىللەت ئەزالىرى بىلەن، بولۇپمۇ تۈركلەر، تاتارلار ۋە رۇسىيەنىڭ كاۋكاز تېغىدىن كەلگەن مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە كۈرەش قىلىۋاتقانلىقى گەۋدىلەندۈرۈلگەن نۇرغۇن ۋىدىيولارنى ئىشلىدى (69).**

**مەزكۇر ۋىدىيولار بۇ كىچىك ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ 2003 ـ يىلىدىن باشلاپ رايوندا بەرپا قىلغان مۇناسىۋەت تورىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئۇلار بۇ ۋاقىتتا ئەرەب بولمىغان دۆلەت ھالقىغان قوراللىق كۈچلەر بىلەن بىر سەپتە جەڭ قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. مەسىلەن، بىر تۈرك جىھادچىنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن بىر سەپتە ئۇرۇش قىلغانلىقى ۋە قارىماققا پاكىستاننىڭ ھەربىي قاراۋۇلخانىسىدەك كۆرۈنىدىغان ئورۇنغا قارىتىلغان ئۆزىنى قوشۇپ پارتلىتىش ۋەقەسىدە ۋاپات بولغانلىقى توغرىسىدا بىر قانچە ۋىدىيو ئىشلەنگەنىدى (70). ئابدۇلئەزىزنىڭ كاۋكاز رايونىدىن بولۇشى مۇمكىن بولغان، رۇسچە سۆزلەيدىغان جەڭچى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلىگەن رۇسچە ۋە ئۇيغۇرچە بىر يۈرۈش ۋىدىيولىرىدا ئۇلارنىڭ كوللېكتىپ «ماكانى»نىڭ**

خوراسان ئىكەنلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. خوراسان ــــ ئوتتۇرا ۋە غەربىي جەنۇب ئاسىيادىكى ئەرەب بولمىغان مۇسۇلمانلار ئۈچۈن تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى (71). بۇ ئاتالغۇنىڭ ئىشلىتىلىشى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»دىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ــــ ياكى ھېچ بولمىغاندا ئابدۇلئەزىزنىڭ ــــ ۋەزىرستاندىكى چەتكە قېقىلغان غەيرىي ئەرەب تەشكىلاتلىرى ۋە ئافغانىستان تالىبانلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، كۆپ مىللەتچىلىك ئېڭىنى شەكىللەندۈرۈشكە باشلىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭلاشقا، 2011 ـ يىلىغا كەلگەندە، سانى تولىمۇ ئاز بولغان «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» جەڭچىلىرى دۆلەت ھالقىغان جىھادىي ھەرىكەتنىڭ روشەن بىر قىسمىغا ئايلانغاندەك قىلىدۇ، گەرچە بۇ پەقەت ئۆتكۈنچى ۋە ئارانلا ئۇنىغا يەتمەيدىغان ئادەمگە ۋەكىللىك قىلغان، ئاساسەن ئەھمىيىتى يوق (سىمۋوللۇق) بىر ئىش بولسىمۇ.

گەرچە دۆلەت ھالقىغان جىھادچىلىقنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى كۈنسېرى ئېشىۋاتقان بولسىمۇ، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» يەنىلا دىققىتىنى ئۇيغۇر دەۋاسىغا مەركەزلەشتۈرگەن. «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ئەڭ جۇشقۇن ۋىدىيولىرى يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى ـ شەرقىي تۈركىستاننى ئازاد قىلىش كۈرىشى ھەققىدە بولۇپ، بۇ خىل ۋىدىيولارغا دائىم مۇشۇ تەشكىلات ئەزالىرى يازغان بولۇشى مۇمكىن بولغان نەشىدلەر قىستۇرۇلغان بولاتتى. بۇ ۋىدىيولاردا ھەمىشە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى خارلاۋاتقان كۆرۈنۈشلىرى بىلەن پاكىستان ۋە ئافغانىستاندىكى قەھرىمان، مەغرۇر ئۇيغۇر جەڭچىلىرىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى يانمۇيان كۆرسىتىلىدىغان بولغاچقا، كىشىنى ئاسانلا ھاياجانغا سالالايتتى (72). بۇنىڭدىن سىرت، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مەزكۇر تەشكىلات بۇ مەزگىلدە ئىنچىل ھالدا ھەسەن مەخسۇمنىڭ جامائىتىدىكىگە ئوخشاش قوش بايراق ئىشلەتكەن. بۇلارنىڭ بىرى جىھادچى تەشكىلاتلارنىڭ بەلگىسىگە ئايلانغان قارا بايراق، يەنە بىرى ئەرەبچە شاھادەت كەلىمىسى چىقىرىۋېتىلگەنلىكتىن، دۇنيا مىقياسىدىكى دەھرىي (سېكۇلار) مىللەتچى ئۇيغۇرلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن، سۇس كۆك رەڭلىك شەرقىي تۈركىستان دۆلەت بايرىقى ئىدى.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئىككى بايراقنىڭ تەڭ ئىشلىتىلىشى، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ئۆزىنىڭ بۇ مەزگىلدىكى ئىدىئولوگىيەلىك مەۋقەسىگە بولغان تۇراقسىز مېتودىنىڭ ئالامىتىدۇر. بىر تەرەپتىن، ھېچ بولمىغاندا ئافغانىستاندىكى ئۇرۇش جەريانىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ يەرشارىۋى جىھاد تورىغا سادىق ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ داۋاملىق تۆردە ئۆزىنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قوغدىغۇچىسى سۈپىتىدە كۆرسەتكەن ۋە خىتاينىڭ ئىشغالىيىتىگە قارشى كۈرەشلىرىنى نامايەن قىلىپ تۇرغان. ھالبۇكى، يەرشارىۋى جىھاد ھەرىكىتى ھېلىھەم بۇ ئىشنى (يەنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن خىتايغا ئۇرۇش ئېچىشنى) قوللايدىغاندەك قىلمايتتى. «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ئىدىئولوگىيە جەھەتتىكى بۇ ئىختىلاپلىق بوشلۇقتىن ھالقىپ كېتەلىشىگە ئاساسلىقى بۇ تەشكىلاتنىڭ كۆلىمىنىڭ ناھايىتى كىچىك ئىكەنلىكى ۋە پۈتۈنلەي دېگۈدەك تەشۋىقات ئىشلىرىغا مەركەزلەشكەنلىكى

سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئەزەلدىن خىتايغا ھەقىقىي قوراللىق تەھدىت شەكىللەندۈرۈپ باقمىدى، چۈنكى بۇنداق قىلىش ئۇنىڭ يەرشارىۋى جىھاد ھەرىكىتىدىكى قوللىغۇچىلىرىغا باش ئاغرىقى تېپىپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى.

«تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ داۋاملىق ئۇيغۇر مەسىلىسىگە مەركەزلەشكەنلىكىنىڭ يەنە بىر ئالامىتى ئۇنىڭ 2011 ـ يىلى يازدا خىتايدىكى ھۇجۇمغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى توغرىسىدىكى ئىشەنچلىك بايانات'تىدۇر. ئۇيغۇرلار ھەيدىگەن يۈك ماشىنىسىنىڭ قەشقەردىكى ئەسكەرلەر توپىغا سوقۇلغانلىقى ۋە ئارقىدىنلا ئۇلارغا پىچاق تىققانلىقى (خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن) خەۋەر قىلىنغاندىن كېيىنلا، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» بىر ۋىدىيو ئېلان قىلىپ، مەزكۇر زوراۋانلىقنى تەشكىللىگۈچىلەرنىڭ بىرىنىڭ 2006 ـ يىلى ۋەزىرىستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشقانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى (73). گەرچە «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» شۇ قېتىملىق ھۇجۇمنى ئۆزى قوزغىغانلىقىنى دەۋا قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئافغانىستان ياكى پاكىستاندىكى ئۇيغۇر قوراللىق تەشكىلاتلىرىنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكىتى قوزغاش مەقسىتىدە خىتايغا قايتقان ئۇيغۇرلار بىلەن ئاخىرى ھەمكارلىق ھاسىل قىلالىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ئاشۇ ۋىدىيودا كۆرسىتىلگەن «شېھىد» توغرىسىدىكى يېقىنقى تەرجىمىھالدا كۆرسىتىشىچە، ئۇ ئەمەلىيەتتە 2008 ـ يىلى جىھاد قوزغاش مەقسىتىدە خىتايغا قايتقان، ئەمما ئولىمپىك مەزگىلىدە تۈرمىگە تاشلانغان، قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، 2011 ـ يىلى قەشقەردىكى ۋەقەنى سادىر قىلىش ئارقىلىق ئۆز نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرغان (74). ئەگەر شەرقىي تۈركىستاندىكى زوراۋانلىق بىلەن «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» ئوتتۇرىسىدىكى بۇ باغلىنىش خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەزكۇر تەشكىلاتقا بولغان ئەندىشىسىنى قوزغىغان بولسا، تېخىمۇ كۆپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاھەزەل شۇ مەزگىلدە ۋەزىرىستانغا كېلىشى بۇ ئەندىشىلەرنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

2011 ـ يىلى، تۇيۇقسىز ئېلان قىلىنغان ۋىدىيولاردا پىيادە ئەسكەرلەر سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن بىر قىسىم يېڭى ئۇيغۇرلار كۆرسىتىلدى (75). مەزكۇر ۋىدىيولارنىڭ بىرىدە نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى خىتاينىڭ بىر قىسمى دەپ قارىمايدىغانلىقىنى خىتاي خەلقىگە چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە، بىر ئۇيغۇر جەڭچى خىتايچە سۆزلىتىلگەن (76). ئەينى ۋاقىتتا خىتايدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى نەزەردە تۇتقاندا، ۋەزىرىستاندا بۇنداق يېڭى ئۇيغۇرلارنىڭ پەيدا بولۇشى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىدى. 2009 ـ يىلىدىكى ئۈرۈمچى مالىمانچىلىقىدىن كېيىن، خىتاي بۇ رايوندا ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈپ، مىڭلىغان ئۇيغۇرلارنى قولغا ئالغانلىقتىن، ئۇيغۇر دىيارىدىكى ۋەزىيەت بارغانسېرى چىدىغۇسىز ھالغا كەلگەن. گەرچە مالىمانچىلىقنىڭ يۈز بېرىشىگە بىخەتەرلىك قىسمىلىرىنىڭ ئاساسلىقى شەھەردىكى دىنىدىن خالىي ئۇيغۇر ياشلىرى باشچىلىقىدىكى نامايىشنى باستۇرغانلىقى سەۋەب بولغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاي دائىرىلىرى يېزىلاردىكى دىندار ئۇيغۇرلارنى مەركەزلىك ھالدا قولغا ئالغان. نەتىجىدە ئۇيغۇرلار، بولۇپمۇ تەقۋادار يېزا

ئاھالىلىرى 2009 ـ يىلىلا خىتاي (ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان)دىن كەڭ كۆلەمدە قېچىشقا باشلىغان بولۇپ، بۇ خىل قېچىش شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە يىلدىمۇ ئىزچىل داۋاملاشقان. گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ رەۋىشتە خىتاي (ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان)دىن كۆچۈشى نەتىجىسىدە، 2009 ـ يىلىدىن بۇيان تۈركىيەگە ئون مىڭلىغان كىشىنىڭ كەلگەنلىكىگە ئائىت يېتەرلىك پاكىتلار مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ ۋەزىرىستاندىكى قوراللىق تەشكىلاتقا قوشۇلغان بولۇشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن. «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ نوقۇل تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچىلا ئەمەس، ھاياتىي كۈچكە تولغان قوراللىق تەشكىلاتقا ئايلىنىشى جەريانىدا، يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان بۇ كىشىلەر مەزكۇر تەشكىلات ئۈچۈن ھالقىلىق بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

بۇ يېڭى ئۇيغۇرلارنىڭ «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ سېپىگە قوشۇلۇشى جەريانىدا، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ بۇ مەزگىلدە تېخىمۇ پىشىپ يېتىلگەن قوراللىق تەشكىلاتقا ئايلانغان بولۇشى، ھەتتا خەلقئارالىق «تېرورلۇق» ھۇجۇملىرىنى پىلانلىغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەر مەۋجۇت ئىدى. ئالدى بىلەن، خىتاي دائىرىلىرى دۇبەيدە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ياكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ قارالغان ئىككى ئۇيغۇر تەرىپىدىن پىلانلانغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن «تېرورلۇق» ھۇجۇمىنى بىتچىت قىلغانلىقىنى دەۋا قىلدى. گۇماندارلار پارتلاتقۇچ دورا سېتىۋالماقچى بولغاندا قولغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ شۇ ئارقىلىق خىتاي سودا سارىيىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقى مۆلچەرلەنگەن. ئۇلارنىڭ ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىگە كېلىشتىن بۇرۇن ۋەزىرىستاندا ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە مەشقلەنگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ھالبۇكى، بۇ ئۈچۈرلارنىڭ گۇماندارلاردىن قانداق ئەھۋال ئاستىدا (قانچىلىك ئېغىر قىيىن ـ قىستاق بىلەن) ئېلىنغانلىقى؛ ئەگەر ئۇلار راستلا پاكىستاندا «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ سېپىدە تۇرۇپ باققان بولسا، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئۇلارنى ئاشۇ ھۇجۇمنى قىلىشقا بۇيرۇغان ـ بۇيرۇمىغانلىقى دېگەنلەر ھېلىھەم نامەلۇم (77). ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ دېلونى سوتلىغان سوتچى جىنايەت گۇماندارنى گۇناھكار دەپ قارىغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئۇنىڭ جازا مۇددىتىنى قىسقارتقان. بۇ گۇماندارنىڭ ئۆز مۇددىئاسىنى ئاشكارا قىلىشتىن ئىلگىرىلا قولغا ئېلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

تەخمىنەن شۇنىڭ بىلەن ئوخشاش مەزگىلدە، بىر ئۇيغۇر مۇساپىر نورۋېگىيەدە باشقا ئىككى كىشى (بىرى ئۆزبېك، بىرى بىر كۇرد) بىلەن بىللە، ئەلقائىدەگە ۋاكالىتەن تېرورلۇق ھۇجۇمى پىلانلىغان دېگەن گۇمان بىلەن قولغا ئېلىنغان. بۇ ئاتالمىش ھۇجۇم توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارمۇ نائېنىق بولۇپ، بۇنىڭ قىسمەن سەۋەبى دۇبەيدىكى ۋەقەدىكىگە ئوخشاش، پىلانلىغۇچىنىڭ ۋەقە سادىر قىلىشتىن ئىلگىرى (يەنى پىلان باسقۇچىدا)لا قولغا ئېلىنغانلىقى ئىدى (78). مەن 2019 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، بۇ دېلودىكى ئۇيغۇر گۇماندار مىكائىل داۋۇدنى زىيارەت قىلدىم، ئۇ شۇ قېتىملىق ئاتالمىش پىلانلىق ھۇجۇم سەۋەبىدىن يەتتە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بولۇپ، (مەن زىيارەت قىلغان) شۇ ۋاقىتتا جازا مۇددىتىنى

تۆگىتىپ، تۆرمىدىن يېڭى چىققانىدى. گەرچە مىكائىل داۋۇد ماڭا ئۆزىنىڭ خىتاينىڭ ئۇسلۇدىكى باش ئەلچىخانىسىنى بومباردىمان قىلىشنى پىلانلىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ شۇ قېتىملىق ھۇجۇمنى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» ياكى ئەلقائىدە بىلەن بىرلىكتە پىلانلىغانلىقىنى قەتئىي ئىنكار قىلدى. ئەكسىچە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئامېرىكادىكى بوستون مارافونچە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە ھۇجۇم قىلغان چېچەنلەرگە ئوخشاش، ھەر قانداق خەلقئارالىق جىھادىي تەشكىلاتقا تەۋە ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەنە شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىش زۆرۈركى، مەيلى ئەلقائىدە ياكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» بولسۇن، ھېچقايسىسى دۇبەي ياكى ئوسلودا پىلانلانغان ھۇجۇملار بىلەن ئالاقىسى بارلىقىنى جاكارلاپ باقمىدى (79). بۇنىڭدىن باشقا، 2010 ـ يىلىدىن باشلاپ، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»گە قارىتىلغان مۇشۇ خىل «تېرورلۇق ھۇجۇملىرى» توغرىسىدىكى ئەيىبلەشلەر تولىمۇ ئاز بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى تولۇق دەلىللىنىپ باقمىغان. بۇ خىل ئەھۋالدا، مەزكۇر ئاتالمىش پىلانلىق ھۇجۇملارنىڭ ئەمەلىيەتتە «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» تەرىپىدىن قىلىنمىغانلىقىنى مۆلچەرلەش يوللۇقتۇر.

ئۆتمۈشكە قارايدىغان بولساق، 2011 ~ 2012 ـ يىللىرى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ئىقتىدارى ــــ ۋە بەلكىم نىشانىدىكىمۇ ــــ بۇرۇلۇشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئەمما بۇ بۇرۇلۇشنىڭ يۆنىلىشى يەنىلا ئېنىق ئەمەس. (ئەينى چاغدا) بۇ تەشكىلاتنىڭ يېڭى خادىملارنى قوبۇل قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى، ئەمما خىتايدىن ئايرىلغان ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىنىڭ قانچىلىكىنىڭ ۋەزىرىستانغا بارغانلىقى ئېنىق ئەمەس. بەلكىم بۇ كۆچۈش دولقۇنىدىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ كۆپ ئادەم قوبۇل قىلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ئاخبارات تارمىقى بولغان «ئىسلام ئاۋازى» 2012 ـ يىلى شېھىدلىكنىڭ ۋە مۇجاھىدلىق ھاياتىنىڭ پەزىلىتىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي (ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان)دىكى زۇلۇمنى گەۋدىلەندۈرىدىغان نۇرغۇن ۋىدىيولارنى ئىشلەپ تارقاتتى (80). گەرچە ئەينى چاغدا بۇ ۋىيولارنى خىتاي (ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان)دا ئاسانلا كۆرگىلى بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقى بىر مەسىلە بولسىمۇ، ئەمما خىتايدىن قېچىپ چىقىپ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە تۈركىيەدە تۇرۇۋاتقانلارنىڭ بۇ ۋىدىيولارنى كۆرەلەيدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. سۈرىيەدىكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ھاياتىي كۈچكە تولغان پارتىزانلار قوشۇنىغا ــــ بۇنىڭ خەلقئارالىق «تېرورلۇق تەشكىلاتى» بولۇشى شەرت ئەمەس ــــ ئايلانغانلىقىدىن قارىغاندا، بۇ ئىستراتېگىيە شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە يىلدا مېۋە بەرگەندەك قىلاتتى.

ھالبۇكى، ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، 2012 ـ يىلىدىكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» ھاياتى كۈچكە ئىگە پارتىزانلار قوشۇنىمۇ، «تېرورلۇق تەشكىلاتى»مۇ ئەمەس ــــ ھېچ بولمىغاندا بۇ كىتابتىكى بىرەسمىي ئېنىقلىمىغا كۆرە ــــ ئىدى. ئەكسىچە، ئۇ ئالدى بىلەن خىتاي (ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان)دىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمىتىنى ۋە ئىسلامنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئۆز ۋەتىنىنى ئازاد قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشتا ئوينايدىغان رولىنى تەكىتلەيدىغان تەشۋىقات ئاپپاراتى ئىدى. «تۈركىستان ئىسلام

پارتىيەسى»نىڭ 2008 ـ يىلىدىن 2012 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئوبرازى ئافغانىستاندىكى ھەسەن مەخسۇم جامائىتىنىڭ 1990 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى ئوبرازىغا قەتئىي ئوخشىمايتتى ـ يۇ، ئەمما بۇ ئىككى تەشكىلاتنىڭ خىتايدا ھۇجۇم قوزغاش ئىقتىدارى ئانچە پەرقلەنمەيتتى. «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» قەستەن ئۆزىنى خىتايغا تەھدىت سالالايدىغان جىھادىي تەشكىلات قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇندى، شۇنداق ئۇلار بۇ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزى خالاپ ئەلقائىدە ۋە پاكىستان تالىبانلىرى بىلەن ئىتتىپاقلاشقاندەك قىلاتتى. «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» يەنە (ئەلقائىدە ۋە تالىباندىن ئىبارەت) بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ئىسلام دىنى توغرىسىدىكى سەلەفىي چۈشەنچىسىنى قوبۇل قىلىپ، بۇ پىكىرلەرنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىتىشقا ئۇرۇنغاندەك قىلاتتى. ھالبۇكى، (بۇ ۋاقىتتىكى) «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» يەنىلا ئىچى قۇرۇق تەشكىلات بولۇپ، ئاساسلىق پائالىيىتى ۋىدېيو ئىشلەشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭ ئاز بىر قىسىم ئەزالىرى ــــ بولۇپمۇ 2011 ـ يىلىدىن ئىلگىرى ــــ تەشكىلاتقا («تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»گە) ۋاكالىتەن ئەمەس، بەلكى شەخس سۈپىتىدە ئەلقائىدەنىڭ ئافغانىستاندىكى جەڭ قىلىش قىسىملىرىغا ھەمدەملەشكەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى، شۇنداقلا بۇ كىشىلەرنىڭ («ئەلقائىدە»نى تەرك ئېتىپ) ئۇيغۇر دەۋاسىغا قەدەم قويۇشىغا ئاساسلىقى ــــ ھەتتا تامامەن ــــ «ئىسلام ئاۋازى»نىڭ تەشۋىقات جەھەتتىكى تىرىشچانلىقى تۈرتكە بولغان.

2012 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» تامامەن پەرقلىق بىر تەشكىلاتقا ئايلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتى. 2012 ـ يىلىدا، ئاز ساندىكى يېڭى ئۇيغۇرلار بۇ تەشكىلاتقا قاتناشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن ئۈچى ئۆلتۈرۈلگەنىدى. 2010 ـ يىلى ئابدۇلھەقنىڭ ئامېرىكانىڭ ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلانى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئىلگىرى سۆزلەنگەندىن كېيىن، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەمىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئابدۇشۈكۈرمۇ 2012 ـ يىلى ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولۇپ، ئامېرىكانىڭ يەنە بىر ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلانىنىڭ ھۇجۇمىدا ئۆلتۈرۈلدى (81). يەنە شۇنىڭدەك، بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە تەھدىت سالغان ۋىدېيودىكى كۆرۈنۈشى بىلەن داڭ چىقارغان قومانداN سەيفۇللاھ ۋە ياش دىنىي ئالىم ئابدۇلئەزىزمۇ 2012 ـ يىلى باشقا ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان ھۇجۇملىرىدا ئۆلتۈرۈلدى (82). ئەمەلىيەتتە، 2012 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ 2008 ـ يىلىدىكى يادرولۇق گۇرۇپپىسىدىن ھايات قالغان بىردىنبىر كىشى ئابدۇللاھ مەنسۇر ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ تەشكىلاتنىڭ باشقا رەھبەرلىرىنىڭمۇ ئامېرىكانىڭ ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان ھۇجۇملىرىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، بۇ تەشكىلاتنىڭ خىتايغا دۈشمەن بولغىنىدەك، ئامېرىكاغىمۇ بارغانسېرى دۈشمەنلىك قىلىشىغا سەۋەب بولدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ قوراللىق ھەرىكەت جەھەتتىكى ئىقتىدارىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇۋاتاتتى. بۇ تەشكىلات ئۆز تارىخىنىڭ كۆپ قىسمىدا ئۆزىنىڭ كۈچلۈك تەشۋىقات ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قوراللىق كۈچىنىڭ بار ـ يوقلۇقى ياكى نوقۇل

هالدا ۋەزىرىستاندا ئەلقائىدە ۋە پاكىستان تالىبانلىرى بىلەن ئىتتىپاقلاشقان ئاز ساندىكى چەتئەل جەڭچىلىرىدىن تەركىب تاپقانلىقى ئېنىق ئەمەس ئىدى. ھالبۇكى، 2011 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ بۇ رايوندا ھەسەن مەخسۇم جامائىتىنىڭ ئافغانىستاندا ئەڭ گۈللەنگەن ۋاقتىغا سېلىشتۇرغىلى بولغۇدەك، تېخىمۇ چوڭ جامائەت بەرپا قىلىۋاتقانلىقى ئايدىڭلاشتى. بۇنىڭدىن باشقا، مەزكۇر تەشكىلات يەنە ئۆز ئەزالىرىدىن بىرىنىڭ تەشكىلاتتىن ئايرىلىپ بىر قانچە يىلدىن كېيىن، قەشقەردە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھۇجۇم قوزغىغانلىقى توغرىسىدا دەلىل ـ ئىسپات كۆرسەتكەندەكمۇ قىلاتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە يىلدا «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ جەڭچىلىرىنىڭ سانىنىڭ داۋاملىق ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىپ خىتاينىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا ئېغىر خىرىس قىلالايدىغان قوراللىق تەشكىلاتقا ئايلىنىدىغانلىقى ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا بولغان نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى يەر شارىۋى جىھادقا قاتنىشىشقا ئۈندەيدىغان ئەلقائىدەنىڭ قولىدىكى قورالغا ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس ئىدى.

## قانداق تەشكىلات «تېرورلۇق تەشكىلاتى» ھېسابلىنىدۇ؟

«تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش» ئارقا كۆرۈنۈشىدە، تەشكىلاتلارغا ياكى شەخسلەرگە «تېرورچى»لىق قالپىقى كىيگۈزۈش تولىمۇ سۇبيېكتىپ ۋە سىياسىيلاشتۇرۇلغان ئىدى. شۇڭلاشقا، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ خەلقئارالىق «تېرورلۇق تەھدىتى» دەپ ئېتىراپ قىلىنىشى ۋە «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ بۇ «قالپاق»قا ۋارىسلىق قىلغانلىقى بىزگە بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ئەمەلىي خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا ھېچقانچە مەلۇمات بېرەلمەيدۇ. بۇ تەشكىلاتلار «تېرورلۇق تەشكىلاتلىرى» دەپ بېكىتىلىشى ۋە «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»تىكى دۈشمەن دەپ قارىلىشى كېرەكمۇ؟ ئەلۋەتتە، بۇنىڭ جاۋابى كىشىلەرنىڭ «تېرورلۇق»قا قانداق تەبىر بېرىشىگە باغلىق. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن تىزىملىكى» كىمنى «تېرورچى» دېيىشكە بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەلقئارالىق ئورتاق تونۇشقا ۋەكىللىك قىلىسىمۇ، ئەمما ئۇ قوراللىق تەشكىلاتلارنىڭ ھەرىكىتى، نىشانى ياكى دەۋاسىنىڭ قانۇنىيلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق چۈشەنچە بەرمەيدۇ. ئەكسىچە، بىر تەشكىلاتنىڭ بۇ تىزىملىككە كىرگۈزۈلۈش ـ كىرگۈزۈلمەسلىكى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئەلقائىدە، تالىبان ياكى تېخىمۇ يېقىنقى «ئىراق ۋە شام ئىسلام دۆلىتى» بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە باغلىق. بۇ ئۆلچەمگە كۆرە، ھەسەن مەخسۇمنىڭ تەشكىلاتى بۇ تىزىملىككە كىرگۈزۈلمەسلىكى كېرەك ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ مەزكۇر

تەشكىلاتلارنىڭ ھېچقايسىسى بىلەن رەسمىي تەشكىلىي مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. ھالبۇكى، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ بۇ تىزىملىككە كىرگۈزۈلۈشكە شەرتى توشىدۇ، لېكىن بۇمۇ ئۇنىڭ قىلمىشى، مۇددىئاسى ياكى باشقىلارغا ئەكەلگەن تەھدىتى سەۋەبىدىن بولماستىن، ئەلقائىدە ۋە تالىبان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى سەۋەبلىكتۇر.

ۋەھالەنكى، مەزكۇر كىتابنىڭ قورالىلىق تەشكىلاتلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئاساس قىلغان بىرەسمىي ئېنىقلىمىسىغا كۆرە، مەن ھەسەن مەخسۇمنىڭ جامائىتى بىلەن «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نى بىردەك «تېرورلۇق تەشكىلاتى»نىڭ شەرتلىرىگە چۈشمەيدۇ، دەپ قارايمەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى قەستەن پۇقرالارغا قارىتىلغان ۋە ئالدىن پىلانلانغان سىياسىي زوراۋانلىق سادىر قىلىپ باقمىغان. ھەسەن مەخسۇمنىڭ تەشكىلاتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مەزگىلىدە ھەرقانداق سىياسىي زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق پاكىت يوق، پۇقرالارنى قەستەن نىشانلىغان ھەرىكەتلەردىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»گە كەلسەك، بۇ جەھەتتە كۆپرەك توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» بېيجىڭ ئولىمپىك ھارپىسىدا شاڭخەي ۋە كۇنمىڭدا يۈز بەرگەن، خىتاي پۇقرالىرىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولغان ئاپتوبۇس پارتلىتىش ۋەقەلىرىنى ئۆزىنىڭ سادىر قىلغانلىقىنى جاكارلىغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاي دائىرىلىرى بۇ باياناتنى ئىنكار قىلغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىشەنچلىك، ئەمما ئېنىقسىز باياناتلاردا «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ 2010 ـ يىلى دۇبەيدىكى «تېرورلۇق ھۇجۇمى»نى ۋە خىتاينىڭ ئۇسلودىكى باش ئەلچىخانىسىنى پارتلىتىشنى پىلانلىغان بولۇشى مۇمكىنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن مەزكۇر تەشكىلات بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھېچبىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالمىدى. ئەمەلىيەتتە، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ 2012 ـ يىلىدىن ئىلگىرى مەزكۇر ئاتالمىش زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەرقانداق بىرىنى قىلغۇدەك كۈچكە ئىگە ياكى ئەمەسلىكى نائېنىق. ئەكسىچە، بۇ ۋاقىتتا «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ئاساسلىقى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى زوراۋانلىق قىلىشقا ئۈندەشنى ۋە خىتايلارنىڭ دىلىغا قورقۇنچ سېلىشنى مەقسەت قىلغان تەشۋىقات فىلىملىرىنى ئىشلەش بىلەن مەشغۇل بولغانلىقى توغرىسىدا پاكىتلار مەۋجۇت. شۇڭلاشقا، گەرچە مۇنازىرىگە يول ئوچۇق بولسىمۇ، ئەمما بۇ كىتابتىكى بىرەسمىي ئېنىقلىمىغا كۆرە، مەن 2012 ـ يىلىدىكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نى «تېرورلۇق تەشكىلاتى» ئەمەس دەپ قارايمەن. ئەكسىچە، ئۇ ئافغانىستان ۋە پاكىستاندىكى ئۇرۇشقا ئىشتىراك قىلغان دۆلەت ھالقىغان يېرىم ھەربىي تەشكىلاتلارغا قاتناشقان ئاز ساندىكى، ئانچە مۇنتىزىم تەشكىللەنمىگەن ئۇيغۇرلار توپىدىن ئىبارەتتۇر. ئۇلارنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ ئۇيۇشتۇرغان پائالىيەتلەر ئۇلارنىڭ ئافغانىستاندىكى توقۇنۇشقا ئىشتىراك قىلغانلىقى بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ خىتايدىكى ۋەقەلەرگە تەسىر كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلغان ۋىدىيولارنى ئىشلەش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرىدۇر.

«تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» «تېررورلۇق تەشكىلاتى» بولماي قالماستىن، ئۇنىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي تەھدىت شەكىللەندۈرگەن - شەكىللەندۈرمىگەنلىكىمۇ گۇمانلىقتۇر. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان، 2011 - يىلى قەشقەردە، نەچچە يىل ئىلگىرى بۇ تەشكىلات تەرىپىدىن تەربىيەلەنگەن بولۇشى مۇمكىن بولغان كىشىلەرنىڭ بىرى سادىر قىلغان ھۇجۇمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ خىتايدا زوراۋانلىق قىلىشقا قادىر بولۇپ باققانلىقى توغرىسىدا ئېنىق دەلىل يوق. بۇنىڭدىن باشقا، گەرچە بۇ تەشكىلاتنىڭ ۋىدىيولىرىنىڭ خىتايدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى كۆپ كۆرۈرمەنلىرى بار دېگەن تەقدىردىمۇ (بۇنداقلىقى توغرىسىدىمۇ ھېچقانداق پاكىت يوق)، يەنىلا «بۇ خىل تەشۋىقاتلار ئۇيغۇرلارنى زوراۋانلىق قىلىشقا قۇتراتقان» دېيىش تەس. «تېررورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»نىڭ دەسلەپكى ئون يىلىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايدا ئالدىن پىلانلانغان سىياسىي زوراۋانلىق قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر يوقنىڭ ئورنىدا بولدى. ھالبۇكى، بۇ خىل زوراۋانلىق يۈز بەرگەندە، ئۇنىڭ «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» بىلەن مۇناسىۋەتسىز نۇرغۇن سەۋەبلىرى بار ئىدى. ئەگەر «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ۋىدىيولىرى 2012 - يىلى خىتايدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە ھەقىقىي تەسىر كۆرسەتتى دېيىشكە توغرا كەلسە، بۇ ئۇيغۇرلارنى زوراۋانلىققا كۈشكۈرتۈشتىن بەكرەك، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ، ھەتتا خىتاي خەلقىنىڭ ئاتالمىش ئۇيغۇر «تېررورلۇق تەھدىتى»گە بولغان تەشۋىشىنى كۈچەيتىۋەتتى. بۇ جەھەتتە، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» خىتاينىڭ خەۋپسىزلىك تۇيغۇسىنى ۋاستىلىك ھالدا كۈچەيتىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تېخىمۇ قاتتىق باستۇرۇلۇشىغا سەۋەب بولدى. شۇنداقلا، بۇ خىل باسمىچى سىياسەتلەر ئاخىرىدا شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە يىلدا تېخىمۇ كۆپ ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا زوراۋانلىق بىلەن قارشى چىقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

قىسقىسى، 2012 - يىلىغا قەدەر، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ زور ھەجىملىك ۋىدىيو كاتالوگى «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» تېمىسىنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسەتلىرى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىلەرنىڭ باش كۆنتەرتىپىدە ۋە مەركىزىدە تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى، ئەمما مەن يەنىلا بۇ ئۇيغۇرلاردىن ھەقىقىي «تېررورلۇقنىڭ تەھدىتى» كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ، دەپ قارايمەن. «تېررورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»نىڭ دەسلەپكى ئون يىلىدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەزىيەت تېخىمۇ جىددىيلەشتى، ئەمما بۇ جىددىيلىك — ھەقىقىي ياكى تەسەۋۋۇردىكىسى بولسۇن — «تېررورلۇق» بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپ، ئەكسىچە تەرەققىيات، كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكى ۋە ئاسسىمىلياتسىيە تەھدىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئۈرۈمچىدىكى توپىلاڭنىڭ مەنبەسى «تېررورلۇق تەھدىتى» ئەمەس، بەلكى مۇشۇ بېسىملار ئىدى. شۇنداقلا، بۇ بېسىملار شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە يىلدا ھەم خىتاي بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنىڭ، ھەم ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ — بولۇپمۇ جەنۇبتىكى — زوراۋانلىقىنى داۋاملىق كۆرۈكلەپ تۇردى. گەرچە «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» بۇ خىل زوراۋانلىقلارغا كۈشكۈرتۈش ئۈچۈن ۋىدىيو ئىشلىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي دائىرىلىرىگە زوراۋانلىق بىلەن قارشى تۇرۇشىغا تۈرتكە

**بولۇشتىن بەكرەك، خىتاينىڭ بۇ ۋەزىيەتنى زوراۋانلارچە باستۇرۇشتىكى باھانىسىگە ئايلاندى. شۇنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇكى، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئۆزلىرى ئېرىشكەن ئىستىخباراتلاردىن «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە ئېغىر تەھدىت ئېلىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىسىمۇ، ئەمما ئۇلارمۇ بۇ تەشكىلاتنى تېخىمۇ كۈچلۈك خەۋپسىزلەشتۈرۈش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ۋە ئېتىرازلارنى باستۇرۇشنىڭ قولايلىق باھانىسى دەپ قارىشى مۇمكىن. ھالبۇكى، بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر دىيارىدا سىياسەت ئىجرا قىلىۋاتقان نۇرغۇنلىغان تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلار «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نى خەلق ئارىسىغا سىڭىپ كىرىۋالغان ۋە ھەر قانداق زوراۋان ۋاستىلەر بىلەن ئەيۋەشكە كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك ئېغىر تەھدىت دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن.**



4 A Uyghur man sells 'knick-knacks' in front of a newly built apartment complex, Korla 2007. © Joshua Kuchera.

بىر ئۇيغۇر ئەر يېڭى پۈتكەن ئولتۇراق رايونىنىڭ ئالدىدا ئۇششاق - چۈششەك تۈرمۇش بۇيۇملىرىنى ساتماقتا، 2007 - يىلى كورلا. (ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىدا مۇشۇ بابنىڭ ئارقىسىغا قىستۇرۇلغان رەسىم)

# تۆتىنچى باب: 2002 ـ يىلدىن 2012 ـ يىلغىچە: مۇستەملىكىچىلىك بىلەن «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» بىرلەشكەندە

2000 ـ يىلى يازدا، مەن ئۇيغۇر دىيارىدا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم نەق مەيدان تەكشۈرۈشى ئېلىپ باردىم. ئەينى چاغدىلا، بۇ رايوننىڭ كەلگۈسى يۈزلىنىشىدىن دېرەك بېرىدىغان بەزى شۇم بېشارەتلەر مەۋجۇت ئىدى. بۇ مېنىڭ ئالاھەزەل ئۈچ يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم غۇلجىغا قايتىشىم ئىدى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىدىكى ئاز ساندىكى ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ بىرى بولغان بۇ شەھەر ئۇيغۇرچە ئالاھىدىلىكلىرىنى يوقىتىپ، خىتاينىڭ ئادەتتىكى كىچىك شەھەرلىرىگە ئوخشاپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۈرۈمچىنى بولسا «قۇرۇلۇش توپى» دېيىشكە بولاتتى، چۈنكى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاللىبۇرۇن ئۇنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سودا مەركىزىگە ئايلاندۇرۇشقا بەل باغلىغانىدى، شەھەردىكى ئۇيغۇر مەھەللىلىرىمۇ بارا ـ بارا كىچىكلەپ، (كەلگۈندى خىتايلاردىن شەكىللەنگەن) «خىتاي دېڭىزى»نىڭ ئىچىگە غەرق بولۇپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ھالبۇكى، ئۇ يەردە يەنىلا بىرەسمىي ئۇيغۇر تورى مەۋجۇت ئىدى. مەن مەلۇم بىر كىتاب دۇكىنىدا كۆرۈشكەن بىر ئاكادېمىك كېيىنكى مەنزىلىم خوتەندە بىرەيلەننى مەن بىلەن ئالاقىلىششقا ئورۇنلاشتۇردى. شۇ كۈنى كەچتە، مەن يېپيېڭى كارىۋاتلىق ئاپتوبۇس ئارقىلىق، شىمالدىكى ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ مەركىزىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، ئاۋۋال جەنۇبتىكى كېرىيەگە، ئاندىن ئۇ يەردىن غەربكە، يەنى خوتەنگە قاراپ ماڭدىم. كېچىچە قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا (تەبىئىي گاز قۇدۇقلىرىدىن چىققان) گازنىڭ كۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ماڭدىم.

خوتەنگە كەلگەندىن كېيىن، جەنۇبتا ئۇيغۇرلارنىڭ كۈلتۈر ۋە نوپۇس جەھەتتە يەنىلا مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. گەرچە شەھەر مەركىزى خىتايدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا دوستلۇقىنى مەدھىيەلەيدىغان، يورۇتۇلغان تەشۋىقات تاختىلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما كوچىلار يەنىلا ئۇيغۇرلار بىلەن تولغانىدى. مەن شۇ كۈنى ھەپتىلىك بازار بولغان قوشنا كەنتنى زىيارەت قىلدىم. تار يېزا يولىنى قىزىتىۋەتكەن ئۇيغۇرلارنى كۆرگەن كىشى ئۆزىنى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ

تەۋەلىكىدە ئەمەستەكلا ھېس قىلاتتى. چۈنكى، بۇ يەردە دۆلەت تەشۋىقاتى، خىتاي تىلى، ھەتتا بىرەر خىتايمۇ كۆزگە چېلىقمايتتى. مەن قەشقەردە دۆلەت قارىمىقىدىكى مەدرىستە ئوقۇۋېدىغان ئىككى ياش تالىپ بىلەن بىر كۈن ھەمسۆھبەت بولدۇم. بىز شۇ يەردىكى بىر تاماقخانىدا كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېغىز ئېچىپ، دۆلەتنىڭ دىنغا بولغان چەكلىمىسى ۋە بۇ بەلگىلىمىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ دىنىي مائارىپىغا سىڭىپ كىرگەنلىكى ھەققىدە ئۇزۇندىن ئۇزۇن توختالدى. مەن ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ يېنىدا يېڭى تونۇشقان بۇ تالىپلار بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، ئۇلار كېچە قوينىدا غايىپ بولغان ھامان، پۇقراچە كىيىنگەن بىر قانچە ساقچىنىڭ ئۇلارغا يېقىنلاشقانلىقىنى كۆرگەندەك قىلدىم ـ دە، ئۆزۈمنىڭ ئۇلارنىڭ بېشىغا بالا تېپىپ بەرگەن بولۇشىمدىن ئەنسىرىدىم. مەن ئەتىسى ئەتىگەندە ئاپتوبۇس بىلەن قاراقۇرۇم يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى ئارقىلىق پاكىستانغا قاراپ يولغا چىققىنىمدا، كەلگۈسىنىڭ بېشارەتلىرىنى كۆرگەندەك بولدۇم: قەشقەرنىڭ ئادىمىزاتسىز دالىلىرىدا تۆت ماشىنا يولى بار يېپيېڭى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيوللار قىسمەن تاماملانغانىدى. مەن بۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىناكارلىقىنىڭ نامايەندىلىرى ۋە ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر ئۆيلىرىنىڭ ئارىسىدىكى ئەگرى ـ توقاي يوللىرى بار قەشقەرنىڭ تېز سۈرئەتتە «ئىلگىرىلەپ»، پات يېقىندا ئۆرۈمچىگە ئوخشاشلا، خىتاينىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك شەھىرىگە ئوخشاپ قالىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى ياكى ئەمەسلىكى توغرىسىدا ئويلانماي تۇرالمىدىم.

بۇ مەزكۇر رايوننىڭ «تېررورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»قا سۆرەپ كىرىلىشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋالى ئىدى. قارىغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ رايوننى ئۆز تارىخىدىكى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا بەكرەك كونترول قىلىپ، ئۇنى تېزدىن قايتا قۇرۇپ، «خەلقئارا سودا مەركىزى»دىن ئىبارەت يېڭى رول ئوينىغۇچى ھازىرلاۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ رايوننىڭ جەنۇبىدا ئۇيغۇر كۈلتۈرى يەنىلا ھاياتىي كۈچكە تولغان بولسىمۇ، ئەمما مەنزىرە تېز ئۆزگىرىۋاتقاندەك، كەلگۈسى تەرەققىياتىنىڭ ئالامەتلىرى ئالللىقاچان ئۆزىنى كۆرسەتكەندەك قىلاتتى. 1996 ـ يىلىدىكى سېىسق نامى پۇر كەتكەن «7 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت»تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، تەرەققىياتنى تېزلىتىش ھەمدە ئېتىرازلارنى ۋە دىننى پائال باستۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى ئېلېمېنتلىق ئىستراتېگىيە مەزكۇر رايوننى ۋە ئۇنىڭ خەلقىنى تىنچلاندۇرۇشتا مەلۇم دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەلگۈندى خىتايلارنىڭ يېڭى مۇستەملىكىچىلىك دەۋرىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشتە، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى شۇنىڭدىن كېيىن مەزكۇر ئىستراتېگىيەگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ سالمىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. بۇ چاغقا كەلگەندە، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى «بۆلگۈنچىلىك» ۋە «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر»گە قارشى تۇرۇش جاكارىنىڭ ئورنىغا، (بارلىق) ئېتىرازلارنى «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» ۋە «ئاشقۇنلۇق»قا قارشى كۈرەش قىلىش نامىدا باستۇرۇشقا باشلىدى. شۇنداقلا، كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىدىغان بۇ ئۇرۇنۇش خەلقئارا جەمئىيەت تەرىپىدىن ئاساسىي جەھەتتىن قوبۇل قىلىندى.

## دۆلەت تەشۋىقاتىدا «بۆلگۈنچىلەر»نىڭ ئورنىغا «تېرورىستلار» ئىبارىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە خىتاينىڭ «تېرورلۇققا قارشى ئۇرۇش»ىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى

دەسلەپتە، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ خەلقئارادا «تېرورلۇق تەھدىتى» دەپ ئېتىراپ قىلىنىشى ئۆز ۋەتىنى (شەرقىي تۈركىستان)دىكى ئۇيغۇرلارغا ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمىدى. يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، خىتاينىڭ 2001 ـ يىلىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئاساسلىق «بىخەتەرلىك ئەندىشىسى» 1990 ـ يىللاردىكىگە ئوخشاشلا، يەرلىك خەلقنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئارزۇسى بولدى. خىتاي ھەرقانداق مىللەتچىلىك ياكى دۆلەت تەستىقلىمىغان دىنىي پائالىيەتلەرنى مۇشۇ خىل ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئارزۇسىنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىدى. بۇنىڭدىن سىرت، خىتاينىڭ مەزكۇر بىخەتەرلىك ئەندىشىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى «تەرەققىياتقا كۈچەش بىلەن ئېتىرازلارنى باستۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش»تىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەسىمۇ ھېچقانچە ئۆزگەرمىدى. ئۆزگەرگىنى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئارزۇسىنى باستۇرۇش ئۇرۇنۇشىنى ئاقلاش ئۈچۈن قوللانغان ئىبارىسى بولدى. ئەمدىلىكتە، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى ساداسى ۋە دىنىي پائالىيەتلىرىنى باستۇرۇشنى «بۆلگۈنچىلىك»كە قارشى تۇرۇش دەپ يوللۇقلاشتۇرۇشنىڭ ئورنىغا، ئۆز قىلمىشلىرىغا «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» دەپ تون كىيگۈزۈشكە باشلىدى. ھالبۇكى، بۇ (يەنى ئاتالمىش «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش») غەربتىكى دېموكراتىك دۆلەتلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان بىخەتەرلىك تۇتۇمى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، دائىرىلەرنىڭ «ئاشقۇنلۇق» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىش چاستوتىسىمۇ كۆرۈنەرلىك ئاشتى. بۇمۇ «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش» نۇتقىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇ (ئاتالمىش «ئاشقۇنلۇق») ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۆكتىچى پىكىرلەرنى ئىدىيە جەھەتتىن قوللاشنىڭ ـــ بولۇپمۇ بۇنىڭغا دۆلەت تەرىپىدىن رۇخسەت قىلىنمىغان دىنىي پائالىيەتلەر قوشۇلغاندا ـــ ئىپادىسى ھېسابلىناتتى. خىتاي دائىرىلىرىگە نىسبەتەن، سۆز ـ ئىبارىلەردىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر ئۈچۈن سىياسەتنى كەڭ كۆلەمدە ئۆزگەرتىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. چۈنكى، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىدىئولوگىيەسىگە كۆرە، «بۆلگۈنچىلىك»، «تېرورلۇق» ۋە «دىنىي ئاشقۇنلۇق»تىن كېلىدىغان تەھدىت بىرلا خىل ۋە ئوپمۇئوخشاش بولۇپ، بۇ ھەممىسى «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ ئىپادىسى ئىدى.

ۋەھالەنكى، «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش» ئېلان قىلىنار ـ قىلىنماستىن، ھەتتا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» «تېرورلۇق تەشكىلاتى» قىلىپ بېكىتىلىشتىن بۇرۇنلا ئۆزگەرتىلىشكە باشلىغان

بۇ ئىبارىلەر خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇيغۇر رايونىدىكى سىياسىتىنى كۈچەيتىشكە قولايلىق يارىتىپ بەردى. 2001 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، يەنى 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن ئۈچ ئاي كېيىن، خىتاينىڭ «جىنايى ئىشلار قانۇنى»غا تۈزىتىش كىرگۈزگەنلىكى، شۇنداقلا ئۇيغۇرلاردىن كېلىدىغان «تېرورلۇق تەھدىتى»نى خەلقئارادا ئېتىراپ قىلدۇرۇش ھەرىكىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنلىكى (سىياسەتتىكى) بۇ خىل كەسكىنلىشىشنىڭ ئەڭ بىۋاسىتە ئالامىتىدۇر. گەرچە («جىنايى ئىشلار قانۇنى»دىكى) بۇ ئۆزگەرتىشتە ئېغىر جازا بېرىلىدىغان «تېرورلۇق جىنايىتى» «جامائەت بىخەتەرلىكىگە زىيان سېلىش» كاتېگورىيەسىدىكى مەۋجۇت قانۇنسىز قىلمىشلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ئەينى ۋاقىتتا بۇ يېڭى جىنايەتلەرنىڭ ئادىل جازا بېرىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان يېتەرلىك ئېنىقلىمىسى يوقلۇقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى (1).

قانۇنىي جەھەتتىكى ۋە سۆز ـ ئىبارىلەردىكى بۇ ئۆزگىرىشلەردىن كېيىن، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىخەتەرلىك ئورگانلىرى «تېرورلۇق» ۋە «ئاشقۇنلۇق»قا قارشى تۇرۇش نامىدا، ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئېتىرازلارنى كەڭ كۆلەمدە باستۇرۇشقا باشلىدى. تۇنجى يىلى، بۇ كەڭ كۆلەملىك پائالىيەت خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى تەرىپىدىن ئەتراپلىق خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ جەرياندا نەچچە ئونلىغان ئۇيغۇر «تېرورلۇق»قا چېتىشلىق دەپ قولغا ئېلىنغان ۋە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان (2). شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىخەتەرلىك قىسىملىرىمۇ بۇ رايوندا دىنىي پائالىيەتلەرنى ۋە كىشىلەرنىڭ «غەيرىي رەسمىي» ئۇچۇرلارغا ئېرىشىشىنى چەكلەش ئۈچۈن، «ئاشقۇنلۇق»قا قارشى تۇرۇش نامىدا كەڭ كۆلەملىك ھەرىكەت قوزغىدى. دۆلەت بۇ ھەرىكەت ئارقىلىق دۆلەت قارىمىقىدىكى دىنىي ئورگانلاردىن باشقا جايلاردا دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان نەچچە ئونلىغان دىنىي زاتلارنى ۋە پۇقرالارنى قولغا ئالدى. شۇنداقلا، مەكتەپلەرگە يېقىن بولغانلىقى سەۋەبلىك، ياشلارغا «ناچار تەسىر» بېرىدۇ دەپ قارالغان نۇرغۇن مەسچىتلەرنى تاقىۋەتتى (3). بۇ ھەرىكەت يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ، بولۇپمۇ مەكتەپ بالىلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ رامىزاندا روزا تۇتۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىش ھەمدە ئىماملارنى كومپارتىيەنىڭ تەلىماتلىرىغا ئالاقىدار «سىياسىي ئۆگىنىش»لەرگە مەجبۇرلاش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىدىكى توي، خەتنە قىلىش ۋە دەپنە مۇراسىمى قاتارلىق پائالىيەتلەردىكى دىنىي پۇراقنى چەك قويدى (4). ئاخىرىدا، بۇ ھەرىكەت يەنە «مەنىۋى ساھەدىكى تېرورلۇق»قا قارشى تۇرۇش باھانىسىدە تەكشۈرۈشتىن ئۆتمىگەن نەشىر بۇيۇملىرى ۋە پىلاستىنكىلارنى مۇسادىرە قىلىپ، نۇرغۇن ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىنى دۆلەتنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئاشكارا تەنقىد قىلغان ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن شېئىر ۋە ھېكايىلەرنى يازغان ياكى ناخشا قىلىپ ئېيتقانلىقى ئۈچۈن قولغا ئالدى (5).

گەرچە بۇ ئۇرۇنۇشلارنىڭ ھەممىسى 1990 ـ يىللاردا مەزكۇر رايوندا ئېلىپ بېرىلغان باستۇرۇشلارغا ئوخشاپ كەتسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا تەئەررۇز قىلىشىنىڭ خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان يوللۇق

ۋاستىسى بولغان «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش»تىن ئىبارەت يېڭى رامكىسى ئۇيغۇرلارنىڭ قىلمىش ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىنى كونترول قىلىشتا تېخىمۇ ئاكتىپ ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا قولايلىق ياراتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە يىلدا بۇ خىل يۈزلىنىش داۋاملىق كۆچەيدى، بولۇپمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن 82 پىرسەنتى جايلاشقان جەنۇبىي تارىم ئويمانلىقىدا بۇ يۈزلىنىش تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى (6). دەرۋەقە، شىمالدىكى خىتايلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان رايونلاردا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئەڭ ئېغىر زەربىسىدىن ئاساسەن ئامان قالغانلىقىغا ئائىت پاكىتلار مەۋجۇت. شۇ ۋەجىدىن، خىتايلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان مۇشۇ رايونلارنى مەركەزلىك تەتقىق قىلغان بەزى خەلقئارالىق تەتقىقاتچىلار ئۇيغۇرلارنىڭ (خىتاي بىلەن) بىر گەۋدىلىشىشى ۋە ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن سادىر قىلىنغان زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئازايغانلىقى سەۋەبلىك، 2000 ـ يىللارنىڭ بېشىدا (شەرقىي تۈركىستاندىكى) ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار «يارىشىپ قېلىش» باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، دەپ قاراشقانىدى (7). لېكىن، 2000 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بۇ خىل پەرەزنىڭ شىمالدىكى، خىتايلارنى كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان رايونلاردا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ئۈچۈنمۇ پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقى ئايدىڭلاشتى. چۈنكى، ئۇلار دۆلەتنىڭ يېڭى «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىنىڭ بېسىمىغا ئانچە كۆپ ئۇچرىمىغان بولسىمۇ، ئەمما رايوندىكى ئۆزلۈكسىز تەرەققىياتنىڭ بېسىمىغا دۇچ كەلگەنىدى.

## 2009 ـ يىلدىكى ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن ئىلگىرىكى «غەربنى ئېچىۋېتىش»: بىر گەۋدىلىششمۇ ياكى كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكىمۇ؟

گەرچە 1990 ـ يىللاردا ئۇيغۇر دىيارىدا دۆلەت يېتەكچىلىكىدىكى تەرەققىياتنىڭ سالمىقى زور دەرىجىدە ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ پايدىسى رايون ۋە مىللىي جەھەتتىن تولۇق قاتلاملارغا ئايرىلدى (8). تەرەققىياتنىڭ كۆپىنچىسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىدا ۋۇجۇدقا چىقتى. ھالبۇكى، شەرقىي تۈركىستاندىكى (كەلگۈندى) خىتايلارنىڭ 88 پىرسەنتى مۇشۇ يەرلەردە ياشايتتى. بۇ جەرياندا، ئۇيغۇرلارنىڭ سەكسەن پىرسەنتتىن ئارتۇقى ياشايدىغان جەنۇبتا ھېچقانچە ئۆزگىرىش بولمىدى (9). خىتاي مەزكۇر رايوننىڭ خىتايغا سىڭىپ كىرىشىگە روشەن توسالغۇلارنى پەيدا قىلغان بۇ مەسىلىنى تولىمۇ ئوبدان

بىلگەچكە، 1990 ـ يىللاردا شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىككى مۇھىم تەرەققىيات تۈرىنى يولغا قويۇپ، مەزكۇر رايوننىڭ كەلگۈسىدە تېخىمۇ بىر گەۋدىلەشكەن ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشىغا شارائىت ياراتتى. بۇلار 1995 ـ يىلى تاماملانغان ئۈرۈمچى بىلەن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبى قىسمىنى تۇتاشتۇرغان تەكلىماكان قۇملۇق تاشيولى ۋە 1999 ـ يىلى تاماملانغان ئۈرۈمچى ـ قەشقەر يېڭى تۆمۈر يولى ئىدى. بۇ تۈرلەر 2000 ـ يىللاردا رايوننىڭ جەنۇبىدىكى تېخىمۇ زور تەرەققىيات ئۈرۈنۈشلىرىغا سەھنە ھازىرلىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ يېڭى مىڭ يىلنىڭ دەسلەپكى ئون يىلىدا دەرھال ھېس قىلىنمىغانىدى. دەسلەپتە، 2000 ـ يىللارنىڭ بېشىدا «غەربنى ئېچىۋېتىش» دەپ ئاتالغان، ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى ئاساس قىلغان، دۆلەت رەھبەرلىكىدىكى كەڭ كۆلەملىك پروجېكت مەزكۇر رايوندىكى تەرەققىيات تۈرلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەنگەنىدى. 2000 ـ يىلى باشلانغان بۇ پروجېكت خىتايدىكى رايونلارئارا ئىقتىسادىي تەڭسىزلىكنى ھەل قىلىشنى مەقسەت قىلغانىدى. گەرچە 1990 ـ يىللاردا، خىتاي غەربىي رايون (شەرقىي تۈركىستان)نىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بۇ يەر ئىقتىسادىي جەھەتتە يەنىلا خىتاينىڭ شەرقىي قىسمىنىڭكىدىن خېلى بەكلا ئارقىدا ئىدى، يەنە كېلىپ پەرق بارغانسېرى چوڭىيىۋاتاتتى (10).

مەزكۇر پىلانغا كىرگۈزۈلگەن ئۇيغۇر دىيارى ۋە تىبەت ئاپتونوم رايونىغا نىسبەتەن، «غەربنى ئېچىش» پروجېكتى يەنە «ماكرو ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى مىللىي زىددىيەتنى پەسەيتىدۇ» دېگەن پەرەز ئاساسىدا، 1990 ـ يىللاردا بۇ رايوننىڭ خەلقى تەرىپىدىن بارغانسېرى تەكىتلەنگەن ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش تەلىپىگە توسقۇنلۇق قىلىش ئارقىلىق سىياسىي نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. تەرەققىياتنىڭ مىللىي زىددىيەتنى ھەل قىلىش كۈچىگە بولغان بۇ ئىشەنچ 1950 ـ يىللاردىكى ۋاقتى ئۆتكەن زامانىۋىلاشتۇرۇش نەزەرىيەلىرىنىڭ لوگىكىسىغا تايانغانىدى (11). بۇ نەزەرىيەلەردە، سانائەتلىشىش، يېڭى تېخنىكىلارنىڭ بارلىققا كېلىشى، يېڭى ئۇل مۇئەسسەسە بەرپا قىلىش ۋە ماكرو ئىقتىسادنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئېشىشى ھەممەيلەنگە يېڭى ئىقتىسادىي پۇرسەت يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق، كۈلتۈر پەرقى ۋە تارىخىي غۇملارنى تەدرىجىي يوقىتىدۇ دەپ قارىلاتتى (12). ھالبۇكى، تەرەققىياتنىڭ ئۇيغۇر رايونىدىكى مىللىي زىددىيەتنى ھەل قىلىشقا ياردىمى بولۇشى ئۈچۈن، رايوندىكى قۇرۇلما خاراكتېرلىك ئىرقچىلىق ۋە مىللەتلەرنىڭ تەبىقىگە بۆلۈنۈش مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلماي بولمايتتى. ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى مەركەز قىلغان، دۆلەت يېتەكچىلىكىدىكى «غەربنى ئېچىۋېتىش» پروجېكتى بۇ ئىشتا كارغا كەلمەيتتى. ئۇيغۇر دىيارىدا يولغا قويۇلغان بۇ تۈرلەر ھەم رايون ئىچىدە، ھەم رايون بىلەن خىتاي ئىچكى قۇرۇقلۇقى ئوتتۇرىسىدا، ئېنېرگىيە، تەبىئىي بايلىق ئېچىش ۋە قاتناش ئۇل ئەسلىھەلىرىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ تىپتىكى تۈرلەرگە مەركەزلەشتى (13). نىكولاس بېكۆلىنغا (Nicholas Becquelin) كۆرە، 2003 ـ يىللا، بېيجىڭ دائىرىلىرى «شىنجاڭدىكى تاشيول، ئېلېكتر ئىستانسىسى، توسما ۋە تېلېگراف ئەسلىھەلىرى

قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان ئەمەلىي مەبلەغنىڭ 70 مىليارد يۈەندىن (8 مىليارد 600 مىليون دوللار) ئېشىپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلغان» (14).

شۈبھىسىزكى، يىراقنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ تۈرلەر ئۇيغۇر رايونىنى ھەم خىتاي ئىقتىسادى، ھەم دۇنيا ئىقتىسادى بىلەن باغلاشقا ياردەم بېرەتتى، ئەمما ئۇلار كۆپىنچە ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى دەماللىققا كۆرۈنەرلىك ياخشىلىمىدى. ئەمەلىيەتتە، نۇرغۇن جەھەتلەردە بۇ خىل تەرەققىيات ئۇيغۇرلار بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى جىددىيلىكنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. مەزكۇر پروجېكتىنىڭ دەسلەپكى قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىجرا قىلىش ۋەزىپىسى يېرىم ھەربىي قىسىم بولغان «بىڭتۈەن»گە تاپشۇرۇلغان بولغاچقا، ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرى بۇ رايوننىڭ تېخىمۇ ھەربىيلەشتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولدى، شۇنداقلا (بۇ جەرياندا) ئۇيغۇر مەھەللىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ رازىلىقىسىز ئىگىلىۋېلىندى. ئۇيغۇرلار يەنە بۇ تەرەققىيات تۈرىنى خىتاي كۆچمەنلەرنىڭ بۇ رايونغا، بولۇپمۇ كۆپ قىسىم ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر مەركەزلەشكەن شىمالغا تۈركۈملەپ كۆچۈپ كېلىشى بىلەن باغلاپ چۈشەندى. بۇ خىل ئەھۋالدا، بۇ پروجېكت ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش تىرىشچانلىقىغا ئەمەس، بەلكى كۆپىنچە ئۇيغۇرلار ئۆز ۋەتىنى دەپ قارايدىغان تېررىتورىيە (شەرقىي تۈركىستان)نى تەدرىجىي يۆتكۈۋېلىش ئۇرۇنۇشىغا ئوخشاپ قالدى. گەرچە ئاز ساندىكى — بولۇپمۇ مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچىدىكى — ئۇيغۇرلار مەزكۇر تەرەققىيات پروجېكتى تەمىنلىگەن پۇرسەتلەر ئارقىلىق باي بولغان بولسىمۇ، كۆپىنچە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆز يۇرتىدا بارغانسېرى چەتكە قېقىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. نىكولاس بېكۇلىن «بۇ نەتىجە ماھىيەتتە <غەربنى ئېچىۋېتىش> پروجېكتىنىڭ مۇددىئاسى ئىدى» دەيدۇ. ئۇ بۇ ھەرىكەتنى «1990 ـ يىللاردىكى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ئۇرۇنۇشىنىڭ داۋامى، ئەمما ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش نىيىتى تېخىمۇ ئېنىق» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. گەرچە بېكۇلىن «كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكى» دېگەن سۆزنى قوللانمىغان بولسىمۇ، ئۇ بۇ ھەرىكەتنىڭ مەقسىتىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ئۇرۇنۇشىغا ئوخشاش ھالدا، «چېگرادىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى خىتاي كۆچمەنلەرنى كۆپەيتىش» ۋە «خىتاي مىللىتىنىڭ بىرلىشىشى»نى ئوچۇق تەشۋىق قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن (15).

خىتاي بۇ چوڭ تۈرلەر بىلەن بىرلىكتە، 2000 ـ يىللارنىڭ بېشىدا مەزكۇر رايوننىڭ ماھىيەتلىك شەھەر تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۇل مۇئەسسەسە تۈرلىرىگە سېلىنغاندا، بۇ جەريان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تېخىمۇ كۆپ تالاش ـ تارتىش قوزغىدى، چۈنكى شەھەرنىڭ يېڭىلىنىشى ئۇيغۇر مەھەللىلىرىگە تېخىمۇ بىۋاسىتە ۋە كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتەتتى ۋە كۆپىنچە ھاللاردا ئۇيغۇرلارنى كۆچۈشكە مەجبۇرلايتتى. بۇنىڭدىن باشقا، شەھەرلەر — بولۇپمۇ جەنۇبتىكىلىرى — يەنىلا كۆچلۈك ئۇيغۇرچە پۇراققا ئىگە، شۇنداقلا مەھەللىلەر يەنىلا ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە ئىجتىمائىي كاپىتالنىڭ بىر قىسمى بولغاچقا، شەھەر تەرەققىياتىنىڭ ئۇيغۇر كۇلتۇرىنى ۋەيران قىلىش خەۋپى بار ئىدى.

2000 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى ئون يىلىدا، بۇ خىل كۆچۈش ۋە كۇلتۇرال ۋەيرانچىلىقنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى ئۇيغۇرلار ئۆز شەھەر كۇلتۇرىنىڭ تارىخىي مەركىزى دەپ قارايدىغان قەشقەردە يۈز بەردى. قەشقەردە، شەھەرلىك ھۆكۈمەت «غەربنى ئېچىش» ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى بىر قانچە يىلىدىلا شەھەرنى «يېڭىلاش» ھەرىكىتىنى باشلىۋەتكەنىدى. قەشقەر ئۆزىنىڭ غەربىي ۋە غەربىي جەنۇب لىنىيەسى جەھەتتىكى جۇغراپىيىلىك ئورنى سەۋەبلىك، خىتاينىڭ رايونلۇق سودا، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت مەركىزىگە ئايلىنىپ، شىمالدىكى ئۈرۈمچى بىلەن رىقابەتلەشكۈدەك ئىستراتېگىيەلىك قىممەتكە ئىگە ئىدى. ھالبۇكى، بۇ شەھەرنىڭ مەركىزىدە دۇنيادىكى ئوتتۇرا ئاسىياچە ئەنئەنىۋى شەھەر ئىمارەتلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ساقلانغان ئۆرنەكلىرى، جۈملىدىن كونا شەھەردىكى سىرلىق ئوردا كەبى تار كوچىلار بىلەن بىر ـ بىرىگە تۇتىشىدىغان كېسەك ئۆيلەر بار ئىدى. يەرلىك ھۆكۈمەت شەھەرنى «زامانىۋىلاشتۇرۇش» ۋە ئۇنى خەلقئارالىق سودا پائالىيەتلىرىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، كونا شەھەر رايونىنى چېقىۋېتىشنى قارار قىلدى. گەرچە بۇ تۈر مۇھىم تارىخى ئورۇنلارنى ۋەيران قىلغانلىقى سەۋەبلىك خەلقئارانىڭ دىققىتىنى قوزغىغان بولسىمۇ، قەشقەردىكى ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن، ئۇنىڭ تەسىرى مەجبۇرىي كۆچۈش ۋە ئىجتىمائىي كاپىتالنىڭ ۋەيران بولۇشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى (16). «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى»نىڭ (UHRP) خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى چېقىۋەتكەنلىكى توغرىسىدىكى دوكلاتىدا كۆرسىتىلگىنىدەك، كونا شەھەردىكى يەرلىك ئاھالىلەردىن تەرەققىيات پىلانى توغرىسىدا مەسلىھەت سورالمايلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدىن كۆچۈش جەريانىدا قارشىلىق كۆرسەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، نۇرغۇن قوراللىق ساقچىلار ئېلىپ كېلىنگەنىدى (17).

قەشقەرنىڭ كونا شەھىرىنى ۋەيران قىلىش «تېررورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»نىڭ دەسلەپكى ئون يىلىدا خىتاينىڭ بۇ رايوندىكى شەھەر تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئىپادىسى بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەككە ئەھۋال ئەمەس ئىدى. رايوندىكى شەھەرلەرنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر مەھەللىلىرى كۆچۈرۈلۈپ، ئۇيغۇر كۇلتۇرىنىڭ سىمۋوللىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەھەر مەنزىرىسىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاندى. ئۈرۈمچىدە، 2000 ـ يىللارنىڭ بېشىدىكى بىر چوڭ تەرەققىيات تۈرىدە، ئۈرۈمچىدىكى ئاساسلىق ئۇيغۇر مەھەللىسى بولغان دۆڭكۆۋرۈك ساياھەت مەنزىرە رايونىغا ۋە رەسمىي سودا مەركىزىگە ئايلاندۇرۇلۇپ، «شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تاۋار بازىرى» دەپ ماختالغان يېڭى، كەڭ ۋە پاكىز بازار، شۇنداقلا «مىللىي ئۇسسۇل زالى» ۋە نۇرغۇن يېڭى سودا بىنالىرى بىنا قىلىندى (18). بۇ جەرياندا نۇرغۇن كىشىلەر شەھەرنىڭ بۇ يېرىدىن كۆچۈرۈلۈپ، ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىدىن بۇيان خىتايلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەپ كەلگەن بۇ شەھەردە ئۇيغۇرلار تېخىمۇ چەتكە قېقىلدى. شۇنىڭدەك، (تەتقىقاتچى) ئىلدىكو بېللار خان (Ildiko Bellar ـ Hann) يەنە قومۇل شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭمۇ سابىق چىڭ ئوردىسىنىڭ ئەتراپىدىكى ساياھەت مەركەزلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى چېقىۋەتكەنلىكىنى بايان قىلدى (19).

## زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش نامىدا ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلىياتسىيە قىلىش

ئەگەر نۇرغۇن ئۇيغۇرلار بۇ تەرەققىيات تۈرلىرىنى ئۆز يۇرتىنى تەدرىجىي مۇستەملىكە قىلىشنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىسا، ئۇنداقتا 2000 ـ يىللارنىڭ بېشىدا شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلغان، ئۇيغۇرلارنى (خىتاي بىلەن) «بىر گەۋدىلەشتۈرۈش» پروجېكتىنىڭ مۇستەملىكىچىلىكى تېخىمۇ روشەن ئىدى. گەرچە 1990 ـ يىللاردىمۇ، خىتاي ئىقتىسادىي پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىمالدىكى ئۇيغۇرلارنى خىتاي كۈلتۈرىگە «سىڭىپ كىرىش»كە جەلپ قىلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، 2000 ـ يىللارنىڭ بېشىدا، دۆلەت مەبلەغ سالغان تۈرلەر ئېنىقلا مۇشۇنى مەقسەت قىلغانىدى. گەرچە بۇ پىلانلارنىڭ كۆپىنچىسى نامىدا يەنىلا «ئىختىيارىي» ۋە «رىغبەتلەندۈرۈش ئاساس قىلىنىدىغان» بولسىمۇ، ئەمما «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» نامىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىرازلىرىغا قاتتىق زەربە بېرىلگەنلىكتىن، بۇ تۈرلەر مەجبۇرىيلاشتى ۋە بۇ ئەھۋال جەنۇبتىكى يېزىلاردا تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى.

2000 ـ يىللارنىڭ بېشىدا، بۇ رايوندا ئىجرا قىلىنغان ئاسسىمىلىياتسىيە سىياسەتلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ گەۋدىلىكى خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن «قوش تىل» مائارىپى پروگراممىسى دەپ ئاتالغان تۈر بولسا كېرەك. خىتاي 1990 ـ يىللاردىن باشلاپلا، نۇرغۇن مەبلەغ سېلىپ، ئۇيغۇر رايونىدا خىتاي تىلى ئوقۇتۇشىنى ئىلگىرى سۈردى (20). 2002 ـ يىلىغا كەلگەندە، خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىي مائارىپ ئورگىنى بولغان «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى»دا ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتتىن باشقا بارلىق دەرسلەردە ئۇيغۇر تىلى ئىشلىتىشنى ئەمەلدىن قالدۇردى (21). بۇ 2004 ـ يىلى 3 ـ ئايدا رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ «رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك مائارىپ ئاپپاراتلىرىدىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلار خىتاي تىلى مائارىپىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك» دېگەن قارارنى چىقىرىشىغا ئاساس سالدى. ھۆكۈمەت بۇنى خىتاي بولمىغان ئوقۇغۇچىلار بىرلا ۋاقىتتا ھەم خىتايچە، ھەم ئانا تىل مائارىپىدىن بەھرىلىنەلەيدىغان «قوش تىل مائارىپى» سىياستى دەپ تەشۋىق قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئادرىيېن دىۋايېرنىڭ (Adrienne Dwyer) ئېيتقىنىدەك، خىتاي نۇرغۇن غەيرىي خىتاي تىللىق مەكتەپلەرنى خىتاي تىلى مەكتەپلىرىگە قوشۇۋېتىپ، ئارقىدىنلا باشقا تىللاردىكى دەرسلەرنى تامامەن دېگۈدەك ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەچكە، بۇ ئەمەلىيەتتە «يوشۇرۇن يەككە تىل مائارىپى سىياستى» ئىدى (22).

دىۋايىپىرنىڭ تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كۆرسەتكىنىدەك، بۇ سىياسەتلەرگە ئەگىشىپلا، خىتايچىدىن باشقا تىللاردىكى نەشر بۇيۇملىرىنىڭ سانى ئازايدى ۋە بۇ تىللاردا، خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى خىتايچە ماتېرىياللارنىڭ تەرجىمە نۇسخىسى بولغان ژۇرناللارنى نەشر قىلدۇرۇش، رادىيو ۋە تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى ئىشلەش يۈزلىنىشى بارلىققا كەلدى (23). نەتىجىدە، ئۇيغۇر تىلى ئاستا ـ ئاستا رايوندىكى تاراتقۇلاردىن غايىب بولۇپلا قالماي، ھەتتا ئۇيغۇر كۇلتۇرىنى مەزمۇن قىلغان ئەسەرلەرمۇ سىقىپ چىقىرىلدى.

ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى تاللاشتىكى تېخىمۇ تەشەببۇسكار مائارىپ پروگراممىسى خىتاي ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىكى، بارلىق ئوقۇتۇش ئىشلىرى خىتايچە ئېلىپ بېرىلىدىغان ياتاقلىق مەكتەپلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «شىنجاڭ سىنىپى» دەپ ئاتالغان بۇ تۈر 2000 ـ يىلى باشلانغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا خىتاينىڭ ئوخشىمىغان رايونلىرىدىكى 12 مەكتەپتە بۇ خىل سىنىپلار تەسىس قىلىنغان (24). 2006 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۇلار ئوخشىمىغان 26 ئورۇنغا كېڭەيتىلگەن ۋە تەربىيەلىنىدىغان ئوقۇغۇچى سانى 10 مىڭغا يەتكەن (25). مەزكۇر مەكتەپلەر سىياسىي تەربىيەگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، قاتتىق كونترول تۈزۈمىنى يولغا قويغان بولۇپ، بىر سابىق ئوقۇغۇچى بۇ يەرنى تۈرمىگە ئوخشاتقانىدى (26). بۇ خىل سىياسىي تەربىيە ئوقۇغۇچىلارنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا ھەر قانداق دىنىي ئېتىقادتىن مەھرۇم قىلىشقا ئۇرۇنۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. مەسىلەن، مۇسۇلمانلارنىڭ دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئوقۇغۇچىلارغا پەقەت بىر كۈنلا دەم ئېلىش بېرىش، ئوقۇغۇچىلارنى دىنىدىن خالىي تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا زورلاپ، ئۇلارنى ناماز ئوقۇغىلى قويماسلىق دېگەندەك (27).

گەرچە دۆلەت بۇ مائارىپ سىياسەتلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايدىكى ئىشقا ئورۇنلىشىشى ۋە بىر گەۋدىلىشىشىنى ياخشىلاشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىگىمۇ زور دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزدى. گەرچە بۇ سىياسەتنىڭ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ئالاقىدار (يەنى باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىمۇ خىتايچىلاشتۇرىدىغان) قىسمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت كەتكەن، ھەمدە ئۇنىڭ تەسىرى ئون يىلدىن كېيىن ئاندىن تولۇق نامايان بولغان بولسىمۇ، ئەمما («شىنجاڭ سىنىپى» تەسىس قىلىشتىن ئىبارەت) بۇ سىياسەت خىتايچىدە تولۇق ساۋاتلىق دەپ قارالغان تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس سالدى. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايچە سەۋىيەسى تۆۋەن بولغان جەنۇبىتىكى يېزا ـ قىشلاقلاردا، بۇ بىر ئەۋلاد ياشلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئوتتۇرىسىدا ھاڭ پەيدا قىلدى. تىموسىي گروسىنىڭ (Timothy Grose) «شىنجاڭ سىنىپى» مەكتەپلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئەگەر بۇ پروگراممىا ئاز ساندىكى ئۇيغۇر بالىلىرى بىلەنلا چەكلەنگەن بولسا، ئۇنىڭ تېخىمۇ تېز بولىدىكەنتۇق. گروسىنىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، بۇ مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارنى پەۋقۇلئاددە ئېغىر كىملىك كىرىزىسىگە دۇچار قىلغان بولۇپ، بۇ ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر كۇلتۇرىدىن يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى، ھەتتا بەزىدە ئۇيغۇرچىنىمۇ راۋان سۆزلىيەلمەس بولۇپ قالغانلىقىنى،

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خىتايلار تەرىپىدىنمۇ ئۆز ئەزاسى سۈپىتىدە تولۇق قوبۇل قىلىنمىغانلىقىنى بايقىغان (28).

2000 ـ يىللارنىڭ بېشىدا، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى ئۆزگەرتىش (ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش) جەھەتتىكى يەنە بىر ئۇرۇنۇشى، (ئۇيغۇر) ئىشچىلارنى خىتاي ئىچكى قۇرۇقلۇقىغا ئىشلەشكە ئەۋەتىپ، ئۇلارنى خىتايلار بىلەن بىر ياتاقتا يېتىپ ـ قوپقۇزۇش ئىدى. بۇ پىلانلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى، يەنى ئۇيغۇر رايونىنىڭ جەنۇبىدىكى يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ياش ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرىنى خىتاي ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىكى زاۋۇتلاردا ئىشلەشكە ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تىل ۋە ئىدىيىۋى جەھەتتىن تەربىيەلىنىشكە ئەۋەتىش پىلانى ئىنقىلا مىللەتلەر ئارا تويلىششىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلغانىدى (29). «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى» مەزكۇر رايوندىكى يەرلىك خەۋەرلەرگە ئاساسلىنىپ، 2006 ـ يىلىدىن 2007 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىلا، جەنۇبتىكى يېزىلاردىن 18 ياشتىن 20 ياشقىچە بولغان 10 مىڭ ئۇيغۇر قىزنىڭ بۇ پروگراممىغا قاتناشتۇرۇلغانلىقىنى يەكۈنلەپ چىققان (30). گەرچە بۇ تۈرلەر «ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئىقتىسادىي پۇرسەت» دەپ تەرىپلەنگەن بولسىمۇ، ھۆكۈمەت يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ «تەپەككۇرى ۋە تونۇشى»نى، شۇنداقلا يۈرۈش ـ تۇرۇشى ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنىمۇ ياخشىلاش ئارقىلىق، يېزا ئۇيغۇرلىرىنىڭ «خىتاي ۋەتىنى»نىڭ «سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلىسى»گە سىڭىپ كىرىشىگە ياردەم قىلىدىغانلىقىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان (31). بۇ پروگراممىلار نەزەرىيە جەھەتتىن ئىختىيارىي بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ جەنۇبتىكى ئۇيغۇر يېزىلىرىدىكى ئاھالىلەرنى نىشانلىغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇلارغا قاتنىششنى رەت قىلغۇچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ «ئاشقۇن» ۋە «تېرورچىلارغا» ھېسداشلىق قىلغان دېگەن بەتنامغا قېلىشنى مۆلچەرلەشكە بولاتتى.

2000 ـ يىلى كىرگەندىن كېيىنكى دەسلەپكى ئون يىلدا، مىڭلىغان ئۇيغۇرلار بۇ مائارىپ ۋە خىزمەت پروگراممىلىرىغا قاتناشقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ پروگراممىلار يەنىلا ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئاز بىر قىسمىغىلا تەسىر قىلدى. مەزكۇر پروگراممىلارغا ئىشتىراك قىلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇيغۇر كىملىكىدىن ۋاز كەچمىدى، خىتايغا ساداقەتمۇ بىلدۈرمىدى. شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى مىللەتچىلىك ۋە دىن ئارقىلىق كىملىكىنى قايتىدىن تىكلىدى (32). قىسقىسى، بۇ پىلانلار ئۇيغۇرلارنى خىتاي كۈلتۈرى ھاكىم ئورۇندا تۇرىدىغان جەمئىيەتكە تېخىمۇ بەك سىڭدۈرۈشتىن ئىبارەت كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمىدى. بۇ پروگراممىلار ئېشىپ كەتسە ئۈرۈمچىدىكى ۋە باشقا بىر قىسىم شەھەر رايونلىرىدىكى ئاز بىر قىسىم ئۇيغۇر سەرخىللىرىگە قارىتا كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ بۇ ئۇرۇنۇشلارنى خىتاينىڭ ئۇيغۇر كۈلتۈرىنى يوقىتىش ئۇرۇنۇشىنىڭ يەنە بىر يولى دەپ ئويلىغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

بۇ خىل بىرلەشتۈرۈش ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش تەدبىرلىرىنىڭ «ساداقەتمەن» ئۇيغۇرلارنى يېتىشتۈرۈشتىكى ئۈنۈمىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەسلىكىگە، شۇنداقلا «غەربنى ئېچىۋېتىش» پروجېكتى

دائىرىسىدىكى تەرەققىيات تۆرلىرىنىڭ (يەرلىك خەلققە) بېسىم ئېلىپ كەلگەنلىكىگە قارىماستىن، 2000 ـ يىللارنىڭ بېشىدا، ئۇيغۇر رايونىدا زوراۋانلىق ۋەقەلىرى تولىمۇ ئاز كۆرۈلگەن. جاستىن خاستىڭسنىڭ (Justin Hastings) كۆرسىتىشىچە، 1990 ـ يىللارغا سېلىشتۇرغاندا، 2000 ـ يىلدىن 2008 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئاساسەن زوراۋانلىق ۋەقەلىرى يۈز بەرمىگەن (33). يەنە شۇنىڭدەك، گاردنېر بوۋىڭدوننىڭ (Gardner Bovingdon) بۇ مەزگىلدىكى «نامايىش ۋە زوراۋانلىق ۋەقەلىرى تىزىملىكى»دىمۇ، ئېنىق قىلىپ «سىياسىي زوراۋانلىق ھەرىكىتى» دېيىشكە بولىدىغان ۋەقەلەر يوق (34). گەرچە بۇ مەزگىلدە زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنىڭ ئاز يۈز بېرىشى ئاساسلىقى رايوندىكى بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنىڭ كۈچەيتىلگەنلىكىدىن بولۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە خىتاينىڭ سۆزىگە زىت ھالدا، بۇ ۋاقىتتا خىتاينىڭ بىخەتەرلىكىگە قارىتىلغان زوراۋان «تېرورلۇق تەھدىتى» يوق ئىكەنلىكىنىمۇ دەلىللەيدۇ. لېكىن، ئۇيغۇر رايونىدىكى ۋەزىيەتنىڭ كۆنسېرى جىددىيلىشىۋاتقانلىقىمۇ روشەن ئىدى. خىتاي كۆچمەنلەر كۆپىيىۋاتاتتى، خىتايلارنى ئاساس قىلغان شەھەرلەرنىڭ قايتىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنى ئۆيلىرىدىن كۆچۈشكە مەجبۇر قىلىپ، ئۇيغۇر كۈلتۈرىنىڭ ئالامەتلىرىنى شەھەر مەنزىرىسىدىن سىقىپ چىقىرىۋاتاتتى. شۇنداقلا، دۆلەتمۇ ئاسسىملىياتسىيە سىياسىتىنى بارغانسېرى كۈچەيتىۋاتاتتى. ئاز ساندىكى ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن، بۇ ئۇلارنى يېڭى بېيىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىسىمۇ، ئەمما كۆپىنچە ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن، ئۇ يات بىر مۇھىت بەرپا قىلىۋاتاتتى. بۇ ياتلىشىش تۇيغۇسىنىڭ قاتتىق غەزەپكە ئايلىنىشى پەقەتلا ۋاقىت مەسىلىسى ئىدى، خالاس.

## بۇرۇلۇش نۇقتىسى: 2008 ـ يىللىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ۋە 2009 ـ يىلىدىكى ئۈرۈمچى ۋەقەسى

2008 ـ يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان يازلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ھارپىسىدا، خىتاي ئولىمپىككە ھەرقانداق كاشىلا تۇغدۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى كۈچەيتتى. شۇنداقلا، خىتاي ج خ مىنىستىرى ئۇيغۇرلارغا زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ئېلىگىرى سۈرۈلگەن «تېرورلۇق»نىڭ «ئولىمپىك ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تەھدىت» ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى (35). 1990 ـ يىللاردىن بۇيان، ئۇيغۇرلارغا چېتىشلىق زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنىڭ كەمدىن كەم يۈز بەرگەنلىكى سەۋەبلىك، بۇ ئەندىشە نۇرغۇن خەلقئارالىق كۆزەتكۈچىلەرگە غەلىتە

**(ئاساسسىز) تۈيۈلدى. خىتاي دائىرىلىرى 2007 ـ يىلىنىڭ بېشىدا قەشقەرگە يېقىن تاغلىق رايوندا چوڭ تىپتىكى «ئۇيغۇر تېرورچىلار لاگېرى»غا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغانلىقىنى دەۋا قىلغان بولسىمۇ، كىشىلەر بۇ گەپكە قاتتىق گۇمان بىلەن قاراشتى. خاستىڭسقا كۆرە، ئىسپانىيەلىك بىر ئاخباراتچى بۇ ۋەقەنىڭ ئەمەلىيەتتە بىر ساقچىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغان قانۇنسىز كان ئېچىش ماجىراسى ئىكەنلىكىنى، دائىرىلەرنىڭ بۇنى «تېرورلۇق»قا چېتىش ئارقىلىق ئەسلى ۋەقەنى يوشۇرغانلىقىنى خەۋەر قىلغان (36) بۇنىڭدىن باشقا، «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»نىڭ دەسلەپكى يەتتە يىلىدا، ھېچكىم «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ بىرەر ۋەقە تۇغدۇرغانلىقىنى ئاڭلاپمۇ باقمىدى.**

**هالبۇكى، 2008 ـ يىلى ئەتىيازدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «تېرورلۇق ئولىمپىككە تەھدىت سالماقتا» دېگەنىدەك سۆزلىرى كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى. بۇنىڭغا بەلكىم ـــ ھېچبولمىغاندا قىسمەن دەرىجىدە ـــ «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» 2008 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تارقاتقان ۋىدىيو سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ۋىدىيودا ئابدۇلھەق ئولىمپىككە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا تەھدىت سالغانىدى (37). گەرچە بۇ ۋىدىيو دەسلەپتە خەلقئارالىق ئاخباراتچىلار ياكى تەھلىلچىلەرنىڭ ھېچقانچە دىققىتىنى تارتمىغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى 3 ـ ئايدا ۋە 4 ـ ئايدا ئۆزلىرى تەرىپىدىن بىتچىت قىلىنغانلىقىنى ئېلان قىلغان بىر قاتار «تېرورلۇق» ھۇجۇملىرى قاتتىق دىققەت قوزغىدى. ئالدى بىلەن، 2008 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، خىتاي دائىرىلىرى ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا قاراپ ئۇچۇۋاتقان بىر ئايروپىلاننى مەنزىلگە يېتىپ بارماستىنلا مەجبۇرىي قوندۇردى. ئېيتىلىشىچە، ئايروپىلاندىكى بىر ئۇيغۇر ئايال بېنزىن باكى بىلەن ئايروپىلانغا ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىغانمىش (38). ئاندىن كېيىن، 4 ـ ئايدا، خىتاي دائىرىلىرى 1 ـ ئايدىن باشلاپ ئۇيغۇر دىيارىدىكى باشقا ئىككى ئاتالمىش «تېرورلۇق تەشكىلاتى»نى تارمار قىلغانلىقىنى ھەمدە ئولىمپىكنى پارتلىتىدىغان بومبا ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللارنى يىنىدا ئېلىپ يۈرگەن 45 ئۇيغۇرنى قولغا ئالغانلىقىنى جاكارلىدى (39). هالبۇكى، بۇ ۋەقەلەرگە ئالاقىدار ئۇچۇرلار تولىمۇ ئاز بولغاچقا، خەلقئارالىق ئاخباراتچىلار ۋە تەھلىلچىلەر بۇ ۋەقەلەرنىڭ (خىتاي تەرىپىدىن) تەسۋىرلەنگەنىدەك يۈز بەرگەن ـ يۈز بەرمىگەنلىكىگە گۇمان بىلەن قاراشتى. بەزى ئاخباراتچىلار «بىتچىت قىلىنغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن بۇ سۇيىقەستلەر ھۆكۈمەت تەرىپىدىن پىلانلانغان بولۇپ، بۇ خىتاينىڭ ئۆز ‹قۇدرىتى›نى نامايەن قىلىش ئارقىلىق ئولىمپىككە كاشىلا تۇغدۇرماقچى بولغانلارغا قىلغان ھەيۋىسىدۇر» دەپ قاراشتى (40). خىتاينىڭ بۇ جەھەتتىكى سۆزلىرىنىڭ (ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئەمەس) ئۆزىنىلا تەھلىل قىلغان باشقا كۆزەتكۈچىلەر «ئاتالمىش ‹تېرورلۇق تەشكىلاتلىرى›دىن قولغا چۈشۈرۈلگەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن پارتلاتقۇچ ماددىلارنىڭ مىقدارى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، ھەتتا ماشىنا بومبا ياساشقىمۇ يەتمەيدۇ، بۇ تەھدىتنىڭ زور دەرىجىدە مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ» دېيىشتى (41).**

شۇنداق بولۇشغا قارىماستىن، خىتاينىڭ ئاتالمىش «تېرورلۇق»نىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە كاشىلا تۇغدۇرۇش خەۋپى توغرىسىدىكى داۋراڭلىرى شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە ئاي ئىچىدە داۋاملىق كۆچەيدى. 5 ـ ئاي ۋە 7 ـ ئايدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا شاڭخەي ۋە كۇنمىڭدا يۈز بەرگەن ئاپتوبۇس پارتلىتىش ۋەقەلىرى بۇ خىل تەھدىتكە مۇناسىۋەتلىك تېخىمۇ كۆپ پەرەزلەرنى قوزغىدى. بولۇپمۇ «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىككى قېتىملىق پارتلىتىشقا مەسئۇل ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ۋىدىيونى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، بۇ پەرەزلەر تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى (42). گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ پارتلىتىش ۋەقەلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى ئاشكارا ئېلان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ يېقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ، خىتايدا بۇ ئاتالمىش تەھدىتكە بولغان ئەندىشە بارغانسېرى كۆچىيىپ كەتتى (43).


نەتىجىدە، ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە بىر نەچچە ئاي قالغاندا، خىتاي ئۇيغۇرلارغا قارىتا بارغانسېرى قاتتىق بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى قوللىنىشقا باشلىدى. كۆچەيتىلگەن بۇ بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى ئۇيغۇرلارنى بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، ئۇلارنى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ خەلقئارالىق تاماشىبىنلىرىدىن ئۈنۈملۈك ھالدا ئايرىۋەتتى. ئولىمپىك ھارپىسىدا ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان بۇ خىل «يەكلەش» بېيجىڭدا ئالاھىدە گەۋدىلىك بولدى. ئىگىلىنىشىچە، بۇ يەردە ئۇيغۇرلارنىڭ مېھمانخانىلاردا يېتىشى چەكلەنگەن. يەرلىك مەنبەلەرگە كۆرە، ئولىمپىك ھارپىسىدىكى بىر نەچچە ئايدا 4000 دىن 5000 غىچە ئۇيغۇر قولغا ئېلىنغان ياكى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىلغان (44). بۇ تەدبىرلەر مۇئەييەن ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان گۇمانىنى ئاساس قىلغان بولماستىن، بەلكى پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىگە قارىتىلغان ۋە ئۇيغۇرلارغا «سىلەرنىڭ خىتاي تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ خەلقئارالىق پائالىيەتكە ئىشتىراك قىلىشىڭلار قارشى ئېلىنمايدۇ» دېگەن سىگنال ئوپئوچۇق يەتكۈزۈلگەن. خىتاي ھۆكۈمىتى ئولىمپىك مەزگىلىدە تىبەتلەرگە قارىتامۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئالاھىدە تەدبىرلەرنى قوللانغان بولسىمۇ، ئەمما ئەينى ۋاقىتتىكى خەۋەردە كۆرسىتىلگىنىدەك: «ئۇيغۇرلار تېخىمۇ چوڭ بېسىمغا دۇچ كەلمەكتە ... چۈنكى ھۆكۈمەت ئۇلارنى يوشۇرۇن نامايىشچىلا ئەمەس، بەلكى يوشۇرۇن تېرورچى دەپ قارايدۇ» (45). بۇنىڭدىن باشقا، بېيجىڭ ۋە خىتاي ئىچكى قۇرۇقلۇقىنىڭ باشقا جايلىرىدا بۇ خىل يەكلەش تەدبىرلىرى يولغا قويۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇر دىيارىدىكى بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىمۇ بارغانسېرى كۆچەيتىلدى. دىنىي ئېتىقادىنى ياكى دۆلەتكە بولغان دۈشمەنلىكىنى نامايەن قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يوشۇرۇن «تېرورچى» دەپ قارىلىپ، ئولىمپىك جەريانىدا يېقىندىن نازارەت قىلىندى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم، ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

* نەقىل مەنبەسى ئۈچۈن ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا قارالغاي

مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام



# دۆلەت، مىللەت ۋە جەمئىيەت

ئىبنى خەلدۇن

# دۆلەت، مىللەت ۋە جەمئىيەت *

ئىبنى خەلدۇن

**بىر دۆلەتنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى، تېررىتورىيەسىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە قانچىلىك دەۋر سۈرەلىشى ئۇنى قوللىغۇچىلارنىڭ سانىغا باغلىق.**

**بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ھاكىمىيەت پەقەت ئۆملۈك ئىگىسى (يەنى بىر توپقا تەۋە كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا بىللە ياشاش ئىستىكى، ت) ئارقىلىقلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ئۆلكە ـ رايونلىرىغا يەرلەشكەن ۋە شۇ جايلارغا تارالغان خەلق ئەسكەرلىرى بۇ خىل ئۆملۈك ئىگىسىنىڭ ۋەكىللىرىدۇر. بىر دۆلەتتە قەبىلە ۋە گۇرۇھلار قانچە كۆپ بولسا، ئۇنىڭ كۈچى شۇنچە زور، ھۆكۈمدارلىق قىلىدىغان زېمىنلىرى شۇنچە كەڭ، يەنى ھوقۇق دائىرىسى شۇنچە چوڭ بولىدۇ.**

**بۇنىڭ مىساللىرىدىن بىرى ئىسلام دۆلىتى بولۇپ، ئاللاھ ئەرەبلەرنى ئىسلام ئۈستىدە بىرلەشتۈرگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاخىرقى غازىتى بولغان تەبۇك غازىتىدا، مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ــ مۇزەر ۋە قەھتان قەبىلىسىدىن پىيادە ۋە ئاتلىق بولۇپ ــ 110 مىڭغا يەتكەن ھەمدە شۇنىڭدىن كېيىن، يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى سەۋەبلىك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپاتىغا قەدەر بۇ سان ئىزچىل ئېشىپ بارغانىدى. ئەينى چاغدا، مۇسۇلمانلارنىڭ قوشۇنى سىرتقا كېڭىيىپ، باشقا قەۋملەرنىڭ قولىدىكى ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندا، بارغانلا يېرىدە توسقۇنسىز ئىلگىرىلەپ، ھەممىنى تىز پۈكتۈرگەنىدى. ئەينى چاغدا، پارس ئىمپېرىيەسى ۋە شەرقىي رىم (ۋىزانتىيە) ئىمپېرىيەسىدىن ئىبارەت دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىككى دۆلەت ئەرەبلەرگە باش ئەگكەنىدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇلار يەنە مەغرىبتىكى تۈركلەرنى، ياۋروپادىكى خىرىستىيانلارنى ۋە مەغرىبتىكى بېربېرلارنىمۇ بويسۇندۇرغانىدى. ئۇلار ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ھىجازدىن غەربكە كېڭىيىپ، تاكى ئافرىقىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى سۇسقىچە؛ يېرىم ئارالنىڭ جەنۇبىدىكى يەمەندىن شىمالغا كېڭىيىپ، تۈركلەرنىڭ مەملىكىتىگىچە بارغان ۋە يەتتە ئىقلىمنى ئىستېلا قىلغانىدى.**

* تېما تەھرىر تەرىپىدىن قويۇلدى

يەنە مەسىلەن، مۇرابىتە خانىدانلىقى (سىنھاجە قەبىلىسى) بىلەن مۇۋەھھىد خانىدانلىقى (مەسامىد قەبىلىسى)نىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى فاتىمە خاندانلىقى (قۇتامە قەبىلىسى) بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە قاراڭ. قۇتامە قەبىلىسىنىڭ ئادەم سانى (ئەمەلىي كۈچى) سىنھاجە ۋە مەسامىد قەبىلىلىرىنىڭكىدىن كۆپ بولغاچقا، فاتىمە خانىدانلىقىمۇ ئۇلاردىن كۆپ كۈچلۈك ئىدى ھەمدە ئىفرىقىيىيەگە (بۇ بۈگۈنكى ئەرەب تىلىدىكى «ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بىلەن تامامەن ئوخشاش بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىردە ئەرەبلەر بۇ سۆزنى شىمالى ئافرىقىدىكى بېربېرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ شەرقىي قىسمىلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلەتكەنتى، ئۇلار ياشايدىغان جايلارنىڭ غەربىي قىسمىنى بولسا «مەغرىب» دەپ ئاتايتتى، بۇ نۇقتىدىن «ئىفرىقىيىيە» بۈگۈنكى تۇنىس ۋە ئەتراپىدىكى قىسمەن جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولغاچقا، ئۇنى بىۋاستە تۇنىس دەپ تەرجىمە قىلىدىغانلارمۇ بار، ت)، مەغرىبكە، سۇرىيەگە، مىسىرغا ۋە ھىجازغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئاندىن، زەناتە قەبىلىسى (مەرىنىي خاندانلىقى) بىلەن مەسامىد قەبىلىسى (مۇۋەھھىد خاندانلىقى)نىڭ مىسالىغا قاراڭ. زەناتە قەبىلىسىنىڭ ئادەم سانى مەسامىد قەبىلىسىنىڭكىدىن ئاز بولغاچقا، مەرىنىي خانىدانلىقىنىڭ سەلتەنەت دائىرىسى مۇۋەھھىد خانىدانلىقىنىڭكىدىن كىچىك ئىدى. چۈنكى، زەناتە قەبىلىسى ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى ۋاقتىدىن باشلاپلا، مەسامىد قەبىلىسىدىن سان جەھەتتە ئاز ئىدى.

ئاندىن ئوخشاش قانۇنىيەتنى دەۋرىمىزدىكى ئىككى دۆلەتنىڭ ئەھۋالىغا تەدبىقلاڭ. بۇلار زەتانە قەبىلىسىدىن بەنى مەرىن جەمەتى بىلەن، ئوخشاشلا مەزكۇر قەبىلىگە تەۋە بولغان بەنى ئابدۇلۋاد جەمەتى قۇرغان دۆلەتلەردۇر. بەنى مەرىن جەمەتىدىكىلەرنىڭ دۆلىتى ئابدۇلۋاد جەمەتىدىكىلەرنىڭ دۆلىتىدىن قۇدرەتلىك ۋە زېمىنى تېخىمۇ كەڭ ئىدى. شۇ ۋەجىدىن، بەنى مەرىن جەمەتى بۇلارنى تەكرار ـ تەكرا مەغلۇپ قىلغانىدى. ئېيتىلىشىچە، بەنى مەرىن جەمەتى دۆلەت قۇرغاندا ئۈچ مىڭ، ئابدۇلۋاد جەمەتىدىكىلەرنىڭ بولسا مىڭ ئادىمى بار ئىكەن. ئەمما، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشىغا ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغانلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ دۆلەتنىڭ نوپۇسىمۇ كۆپەيگەن.

دۆلەت قۇرغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئۇرۇشقا قاتناشقانلارنىڭ سانى قانچە كۆپ بولسا، ئۇ دۆلەت شۇنچە كۈچلۈك، زېمىنى شۇنچە كەڭ بولىدۇ. يەنى بۇلار ئۆزئارا ئوڭ تاناسىپ تۈزگەن بولىدۇ. خاندانلىقنىڭ ئۆمرىمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا بولىدۇ. چۈنكى، بىر يىڭى شەيئىنىڭ ئۆمرى ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىگە باغلىقتۇر. بىر دۆلەتنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇنىڭ ئۆملۈك ئېڭىدىن مەنبەلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئۆملۈك ئېڭى ناھايىتى كۈچلۈك بولسا، ھاياتىي كۈچىمۇ شۇنچە كۈچلۈك، ئۆمرىمۇ شۇنچە ئۇزۇن بولىدۇ. ھالبۇكى، ئۆملۈك ئېڭى ئۆز نۆۋىتىدە ئادەم سانىنىڭ قانچىلىكلىكىگە باغلىق بولۇپ، بىز ئىلگىرى بۇ ھەقتە توختالغانىدۇق.

بۇنى ھەقىقىي سەۋەبى شۇكى، بىر دۆلەتنىڭ ئاجىزلىشىشى ئۇنىڭ چۆرىسىدىن باشلىنىدۇ. ئەگەر بىر دۆلەت ناھايىتى چوڭ، ئۆلكە ـ ۋىلايەتلىرى ناھايىتى كۆپ، چېگرا رايونلىرى ناھايىتى كۆپ ۋە مەركەز

(پايتەخت)دىن تولىمۇ يىراق بولسا، ئۇنداقتا بۇ دۆلەتنىڭ ئۆمرى ئىنتايىن ئۇزۇن بولىدۇ. چۈنكى، دۆلەتنىڭ ھەرقانداق بىر يېرىنىڭ يىمىرىلىشى (ئىستېلا قىلىنىشى، بېسىۋېلىنىشى) ئۇچۇن ۋاقىت كېتىدۇ. بىر دۆلەتنىڭ ئۆلكە ـ ۋىلايەتلىرى، چېگرا رايونلىرى ناھايىتى كۆپ بولسا، ئۇنىڭ يىمىرىلىشىغا تولىمۇ كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئۆمرى ناھايىتى ئۇزۇن بولىدۇ. بۇنىڭغا ئەرەب ئىسلام دۆلەتلىرىنى مىسال قىلساق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆمرى تولىمۇ ئۇزۇن بولغان. ئابباسىيلارنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتىنىڭ يىمىرىلىشى، ئۇمەۋىيلەرنىڭ ئەندەلۇستىكى ھاكىمىيىتىنىڭ قولدىن كېتىشى ئۇلار ھاكىمىيەت تەختىنى قولغا كىرگۈزۈپ تۆت يۈز يىلدىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلاردۇر. فاتىمە خاندانلىقى (ئىسلامىي يىلنامىگە كۆرە) ئالاھەزەل 280 يىل دەۋر سۈرگەن. سىنھاجە (يەنى مۇرابىتە) خاندانلىقى فاتىمە خاندانلىقىدەك ئۇزۇن دەۋر سۈرەلمىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ سەلتەنىتى (فاتىمە سۇلالىسىنىڭ تۆتىنچى خەلىپىسى) مۇئاز ھىجرىيە 358 ـ (مىلادى 969 ـ) يىلى تۇنىسنى بۇلۇكىن ئىبنى زىرى ئىبنى ماناڈنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرغاندىن تارتىپ، ھىجرىيە 557 ـ (مىلادى 1162 ـ) يىلى مۇۋەھھىد خاندانلىقى چوڭ قەلئە (القلعة الكبرى) ۋە بىجايەنى ئىشغال قىلغانغا قەدەر (ئالاھەزەل 200 يىل) داۋاملاشقان. ھازىرغىچە مۇۋەھھىد خاندانلىقىنىڭ سەلتەنەتى داۋاملىشىۋاتقىلى 270 يىل بولۇپ قالدى. دېمەك، بىر دۆلەتنىڭ قانچىلىك دەۋر سۈرەلىشى شۇ دۆلەتنىڭ قانچىلىك قوللىغۇچىسى بارلىقىغا باغلىق.

{ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئارىسىدا تۇتقان يولىدۇر.} (سۈرە غافىر، 85 ـ ئايەت)

***

ئەگەر بىر دۆلەتتە قەبىلە ۋە جەمەتلەر ناھايىتى كۆپ بولسا، بۇ دۆلەتتە ھاكىمىيەتنىڭ مۇستەھكەملىنىشى بەسى مۈشكۈل.

بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ھەرقايسى قەبىلە ۋە جەمەتلەرنىڭ پىكىر ـ تەلەپلىرى پەرقلىق بولۇپ، ھەربىر پىكىر ۋە تەلەپنى (شۇ قەبىلىنىڭ ياكى جەمەتنىڭ مەنپەئەتىنى ياقلايدىغان) ئۆملۈك ئېگى تىرەپ تۇرىدىغان بولغاچقا، خاندانلىققا قارشى ۋەقەلەر پات ـ پاتلا يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. گەرچە ئۆز نۆۋىتىدە خاندانلىق ئاش خىل ئۆملۈك ئېگىنىڭ كۈچىدىن پايدىلانسىمۇ، ئەمما خاندانلىقنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى ھەربىر (تارماق) ئۆملۈك ئېگى (نىڭ ساھىبلىرى) ئۆزلىرىنى ئۆز پىكىر ـ تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغۇدەك قۇدرەتكە ئىگە دەپ قارايدۇ.

بۇ خۇسۇستا ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن ئېتىبارەن، شۇنداقلا دەۋرىمىزدە ئىفرىقىييەدە ۋە مەغرىبتە يۈز بەرگەن ئىشلارغا نەزەر سالسىڭىزلا، بۇ نۇقتىنى چۈشىنىۋالالايسىز. بۇ رايوندىكى خەلقنىڭ

ھەممىسى بېربېر قەبىلىلىرى ۋە جەمەتلىرى بولۇپ، ئىبنى ئەبۇ سەرخانىڭ ئۇلارنى ۋە ياۋروپانى بويسۇندۇرغانلىقىنىڭ ئۇلارغا (ئىسلامغا كىرىشى نۇقتىسىدىن) ھېچبىر پايدىسى بولمىغاندى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ، مۇرتەد بولۇشتى (دىنىدىن چىقتى). ئەمما، مۇسۇلمانلارمۇ ئۇلارنى قىرغىن قىلىش ئارقىلىق زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇردى. ئىسلام بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئومۇملاشقاندىن كېيىنمۇ، ئۇلار يەنىلا ئىسيان ـ غەلىيانلارنى توختاتمىدى. ئۇلار (ئىسيانكار) خاۋارىجلارنىڭ ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلىشقاندى. (تارىخشۇناس) ئىبنى ئەبۇ زەيد «مەغرىبتىكى بېربېرلار ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن 12 قېتىم ئىسيان كۆتۈرگەن بولۇپ، تاكى مۇسى ئىبنى نۇسەير ۋالىي بولغاندىن كېيىن، ئىسلام ئاندىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇستەھكەم يىلتىز تارتقان» دېگەن. بۇ خۇسۇستا ھەزرىتى ئۆمەر رەزىياللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان «ئىفرىقىيىە خەلقىنىڭ قەلبىنى پارچىلايدۇ» دېگەن سۆزدىمۇ مەزكۇر رايوندىكى كىشىلەرنىڭ (مەركىزىي ھاكىمىيەتكە بويسۇنمايدىغان) ئىتائەتسىزلىكىگە ۋە باشتۇغلۇقىغا سەۋەب بولغان، قەبىلە ـ گۇرۇھلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئىبارەت رېئاللىق نەزەردە تۇتۇلغاندى. ھالبۇكى، ئەينى چاغدىكى ئىراق ۋە سۈرىيەنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭغا ئوخشىمايتتى. ئەينى چاغدا، بۇ جايلارنىڭ ھامىيلىرى (ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا) پارسلار ۋە رىملىقلار بولۇپ، بارچە خەلق (قەبىلە ـ جەمەت شەكلىدە ئەمەس، بەلكى) بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن ھالەتتە شەھەر ـ بازارلاردا ئولتۇراقلاشقاندى. مۇسۇلمانلار بۇ جايلارنى ئىستېلا قىلىپ، ئۇلارنىڭ قولىدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، بۇ يەردىكى كىشىلەر قارشىلىق كۆرسەتمىگەن، ئاۋارىچىلىقمۇ تۇغدۇرمىغاندى. لېكىن، مەغرىبتىكى بېربېر قەبىلىلىرى ساناپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە كۆپ، شۇنداقلا ھەممىسى كۆچمەن چارۋىچىلار بولۇپ، نۇرغۇن ئۇرۇق ـ جەمەتلەرگە بۆلۈنگەنىدى. ئۇلارنىڭ بىرى يوقىتىلسا، يەنە بىرى ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسەپ، داۋاملىق ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئاۋارىچىلىق تۇغدۇراتتى. شۇ ۋەجىدىن، ئەرەبلەر بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشكە ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت سەرپ قىلىشتى.

ئىلگىرى بەنى ئىسرائىلنىڭ سۈرىيەدىكى ئەھۋالىمۇ ئاشۇنداق بولغاندى. بۇ يەردە پەلەستىنلىكلەر، كەنئانلىقلار، ئىساۋلار، مەديەنلىكلەر، لۇت قەۋمى، گرېكلار، رىملىقلار، ئەمالىقەلەر، گىرگاشتىلار، شۇنداقلا (ئىراقتىكى) موسۇل ۋە جەزىرە ۋادىسىغا يەرلەشكەن ناباتىلار قاتارلىق ساناپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە نۇرغۇن قەبىلىلەر مەۋجۇت ئىدى. شۇ ۋەجىدىن، بەنى ئىسرائىلنىڭ بۇ جايدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىشى پەۋقۇلئاددە قىيىنلىشىپ، دۆلەت تەكرار ـ تەكرار ئىسيانلارغا دۇچ كەلگەن ۋە ئىختىلاپلار ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەندى. ئىسيان كۆتۈرىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەنلىكى سەۋەبلىك، شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتى ھېچقاچان مۇستەھكەملىنىپ باقمىغاندى. كېيىن، پارسلار ۋە گرېكلەر ئالدى ـ كەينى بولۇپ، بەنى ئىسرائىلنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئۇلار ئەڭ ئاخىرىدا رىملىقلار تەرىپىدىن يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىلىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا چېچىلىپ كېتىشتى.

بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۈملۈك ئېگى يوق زېمىنلاردىكى ئەھۋال دەل شۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. بۇنداق جايلاردا دۆلەت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئاسان، ھۆكۈمەتنىڭ نوپۇزى كۈچلۈك بولىدۇ. چۈنكى، بۇ جايلاردا توپىلاڭ ۋە بۇزغۇنچىلىقلار كەمدىن كەم كۆرۈلگەچكە، دۆلەت بۇ مەسىلىلەرگە تاقابىل تۇرۇشتا، ئۈملۈك ئېگىنىڭ كۈچىگە ئۇ قەدەر موھتاج بولۇپ كەتمەيدۇ. نۆۋەتتە، مىسىر ۋە سۈرىيەدىكى ئەھۋالمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. مىسىردا قەبىلە ـ جەمەتلەر يوق، سۈرىيەدىمۇ شۇنداق. مىسىردىكى ھاكىمىيەت تولىمۇ تىنچ ۋە مۇستەھكەم، غەليان ۋە توپىلاڭلار كەمدىن كەم كۆرۈلىدۇ. بۇ يەردە پەقەت (ھاكىمىيەت يۆرگۈزگۈچى) سۇلتان ۋە (ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى) خەلقلا بار. نۆۋەتتە، مىسىر ھاكىمىيىتى تۈرك ھۆكۈمدارلىرىنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ ئارقىدىن ھاكىمىيەتكە ۋارىسلىق قىلماقتا. يەنى مىسىر ھاكىمىيىتى ئۇلارنىڭ بىر جەمەتىدىن يەنە بىر جەمەتىگە يۆتكىلىپ، شۇلارنىڭ ئىزگىنىدە تۇرماقتا. گەرچە خەلىپىلىك ماقامى باغداتتىكى ئابباسىيلار خەلىپىسىنىڭ ئىلكىدە بولسىمۇ، ئەمما بۇ پەقەت نامدىلا مەۋجۇتتۇر.

ئەندەلۇسنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بۇ يەرنىڭ سۇلتانى بولغان ئىبنى ئەھمەرنىڭ ئۈملۈك ئېگى دۆلەت قۇرغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۇنچە كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. ئۇ ھاكىمىيەتنىمۇ قەدەممۇ قەدەم ئەمەس، بەلكى تۇيۇقسىزلا قولغا كىرگۈزگەنىدى. پەقەت ئۇ ئاز ساندىكى ئادەملىرىلا قالغان ئۇمەۋىيلەر خاندانلىقىنى قوللىغان ئەرەب جەمەتلىرىدىن بىرىگە تەۋە ئىدى. بۇنىڭ جەريانى مۇنداق ئىدى: ئەينى چاغدا، ئەرەبلەر (يەنى ئۇمەۋىيلەر) ھاكىمىيەتنى قولدىن چىقىرىپ قويغاندىن كېيىن، ئەندەلۇس خەلقى بەربەرلەردىن بولغان لامتانا ۋە مۇۋەھھىد خاندانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا قالغان بولۇپ، ئۇلار بۇ ھاكىمىيەتتىن بىزار ئىدى. شۇنداقلا، بېرىبېرلارمۇ ئۇلارغا قارىتا پەۋقۇلئاددە شەپقەتسىز ھۆكۈمرانلىق تەدبىرلىرىنى قوللانغاچقا، ئۇلار مەزكۇر ھاكىمىيەتلەردىن نەپرەتلىنەتتى.

مۇۋەھھىد خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، ئاقسۆڭەكلەر بىر تالاي قەلئەلەرنىڭ كاپىرنىڭ (خىرىستىيان ھۆكۈمدارنى دېمەكچى) قولىغا چۈشۈپ كېتىشىگە كۆز يۇمدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى شۇ ئارقىلىق ماراكەش ھاكىمىيىتىنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش ئىدى (يەنى ئۇلار خىرىستىيان ھۆكۈمدار ئالفونسونىڭ ئۆزلىرىنىڭ ماراكەش ھاكىمىيىتىنى قولغا كىرگۈزۈشىگە ياردەم قىلىشى بەدىلىگە، نۇرغۇن قەلئەلەرنىڭ ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىگە كۆز يۇمۇشقانىدى). نەتىجىدە بۇ ئەندەلۇستا قالغان، قەدىمي ئۈملۈك ئېگىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ قايتىدىن ئىتتىپاقلىشىش ئىستىكىنى ئويغاتتى. بۇلار مۇئەييەن دەرىجىدە شەھەر مەدەنىيىتىدىن ۋە شەھەرلەردىن يىراق ياشىغان، شۇنداقلا ھەربىيچە تۇرمۇش قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئەرەب جەمەتلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. بۇ (ساراگوسسادىكى) ئىبنى ھۇد، (گراناداىدكى) ئىبنى ئەھمەر ۋە (ۋالېنسىيە ۋە مۇرسىيەدىكى) ئىبنى ماردانىش ۋە شۇلارغا ئوخشاشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ خىل ۋەزىيەتتە، ئىبنى ھۇد ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، شەرقتىكى ئابباسىيلار خەلىپىلىكىگە ۋاكالىتەن تەشۋىقات ـ تەرغىباتلارنى قانات يايدۇرۇپ، خەلقنى مۇۋەھھىد خاندانلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتكەنىدى. بۇ چاقىرىقىقا ئاۋاز قوشقان خەلق

مۇۋەھھىد خاندانلىقىغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ، ئۇلارنى ئەندەلۇستىن قوغلاپ چىقاردى. ئىبنى ھۇد ھاكىمىيەت جەھەتتە ئەندەلۇستا مۇستەقىل ھالەتتە قالدى. كېيىن، ئىبنى ئەھمەر ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ ئىبنى ھۇدقا قارشى شوئار توۋلاپ، خەلقنى مۇۋەھھىد خاندانلىقىدىن بولغان ئىفرىقىييە ھاكىمى ئىبنى ئەبۇ ھەفسكە ئىتائەت قىلىشقا ئۈندىدى ھەمدە «ئاقساقاللار» دەپ ئاتىلىدىغان ئاز ساندىكى تۇغقانلىرىنىڭ ياردىمىدە ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزدى. ھالبۇكى، (ئەينى چاغدا) ئەندەلۇستا گۇرۇھلار (قەبىلە ـ جەمەتلەر) ئاز بولغاچقا، ئۇ بۇنىڭدىن ئارتۇق ئادەمگىمۇ (ۋە تېخىمۇ كۈچلۈك ئۆملۈك ئېڭىغىمۇ) موھتاج بولمىغانىدى. بۇ يەردە پەقەت بىر سۇلتان ۋە (ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى) خەلقلا بار ئىدى (قەبىلە ـ جەمەتلەر يوق ئىدى). ئاندىن كېيىن، ئىبنى ئەھمەر زەناتە قەبىلىسىدىن بولغان ۋە دېڭىزنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن ئۆزىگە ياردەمگە كەلگەن قەبىلىلەرگە تايىنىپ، ئالفونسو دېگەن كاپىرغا قارشى ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى. ئەنە شۇ رەۋىشتە، بۇ قەبىلە باشلىقلىرى ئۇنىڭ چېگرا رايونلارنى مۇداپىئە قىلىشتىكى ھەمدەمچىلىرىگە ئايلاندى.

كېيىن، مەغرىبتىكى زەناتە ھۆكۈمدارلىرىدىن بىرى ئەندەلۇسنى ئىستېلا قىلىشنىڭ كويىغا چۈشتى. لېكىن زەناتە قەبىلىسىدىن بولغان بۇ قەبىلە باشلىقلىرى ئىبنى ئەھمەرنى ھىمايە قىلىشتى. ئىبنى ئەھمەر شۇلارغا تايىنىپ، ئۇنىڭغا (يەنى ئەندەلۇسقا كۆز تىككەن زەناتە ھۆكۈمدارىغا) قارشى تۇردى ۋە ئاخىرىدا ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملەندى. كىشىلەر ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئادەتلىنىشتى ۋە ئۇنىڭغا بويۇن تولغاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئەۋلادلىرىغا مىراس قالدۇردى ۋە ئۇلار بۇ ھاكىمىيەتنى بۈگۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. مەزكۇر دۆلەتنى ئۆملۈك ئېڭىسىز قۇرۇلۇپ قالغاندەك ئويلاپ قالماسلىق كېرەك، چۈنكى ئەھۋال زىنھار ئۇنداق ئەمەس. بۇ دۆلەت دەسلەپتە (ئۆزىنى ھىمايە قىلىدىغان) بىر كوللېكتىپقا تايانغانىدى. گەرچە، بۇ كوللېكتىپ كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقاتتى. چۈنكى، ئەينى چاغدا ئەندەلۇستا قەبىلە ـ گۇرۇھلار ئاز بولغاچقا، يەرلىك خەلقنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن بەك كۆپ قوللىغۇچىغىمۇ ئېھتىياج يوق ئىدى. {ئاللاھ ئەھلى جاھاندىن بىھاجەتتۇر.} (سۈرە ئال ئىمران، 97 ـ ئايەت)

ئىبنى خەلدۇننىڭ «مۇقەددىمە» ناملىق ئەسىرىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى



# ئۇيغۇر تارىخىدىكى زور كۆچۈشلەر

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

# ئۇيغۇر تارىخىدىكى زور كۆچۈشلەر

هاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

**ئۇيغۇرلار ياۋرو ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا تۇنجى ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنى قۇرغاندىن باشلاپ تا هازىرغىچە تۆرلۈك تەبىئىي ۋە سۇنئىي ئاپەتلەر ۋە يېغىلىقلار تۈپەيلىدىن بىپايان ياۋرو ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا پات ـ پات كۆچۈپ يۈرۈپ، ئۆزىنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقىنى هازىرغىچە ساقلاپ كەلمەكتە. مەزكۇر زور كۆچۈشلەردىن بىر قەدەر مۇھىم ۋە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانلىرى تۆۋەندىكىچە :**

**جەيمىس چېرچۋارد ئەپەندىنىڭ قارىشىچە قەدىمقى ئۇيغۇرلار بۇندىن 17 مىڭ يىل بۇرۇنلا مەدەنىيەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن. ۋەھالەنكى، «دۇنيانىڭ ئانىسى» دەپ تەرىپلىنىۋاتقان مىسىر بۇندىن 15 مىڭ يىل بۇرۇن ئىپتىدائىي مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرگەن ئىدى. هازىرقى «موڭغۇل ئىرقى» دەپ ئاتىلىۋاتقان شىمالىي ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرى قاراخوتۇنى پايتەخت قىلغان بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى هالاك بولۇپ يەتتە ـ سەككىز مىڭ يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن پەيدا بولۇشقا باشلىغان.**

**چېرچۋاردنىڭ ئىلگىرى سۈرۈشىچە، ئۇيغۇر خەلقى مەركىزىي ئاسىيادىن يەر شارىنىڭ هەر قايسى جايلىرىغا تارقالغان. ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق زور كۆچۈش مىلادىدىن 20 مىڭ يىل بۇرۇن باشلانغان. بۇ كۆچ ـ كۆچتە ئۇيغۇر خەلقى ياۋروپانىڭ مەركىزى قىسىملىرىغىچە ئىچكىرىلەپ بارغان. هازىرقى شەرقىي ياۋروپا خەلقلىرى ئەمەلىيەتتە تاغلارنىڭ هاسىل بولۇشىدىن ئامان قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.**

**2 ـ قېتىملىق زور كۆچۈش مىلادىدىن ئون مىڭ يىل بۇرۇن تارىم ۋە جۇڭغارىيەدىن موڭغۇلىيە، سىبىرىيە، پېرسىيە، قارا دېڭىز بويلىرى ۋە شەرقىي ياۋروپاغا قارىتا بولغان. جېمس چېرچۋاردنىڭ ئېيتىشىچە، بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي قىسمى مىلادىدىن بۇرۇنقى 12000 ـ يىللىرىدا يۈز بەرگەن توپان بالاسى تۈپەيلى ۋەيران بولغان. بۇ بالادىن ئامان قالغان ئۇيغۇر ئەۋلادلىرى غەربىي قىسىمدىكى تاغلارنىڭ شەكىللىنىشىدىن پەيدا بولغان كەسكىن كىلىمات ئۆزگىرىش ۋە ناهايىتى قورقۇنچلۇق قۇرغاقچىلىق نەتىجىسىدە، تارىم ۋە جۇڭغارىيە، تۇرپان ۋە قۇمۇل، پەرغانە ۋە يەتتە سۇ ۋادىسىدىن دۇنيانىڭ هەر قايسى جايلىرىغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئەپەندىنىڭ قارىشىچە،**

شۇ چاغدا ھازىرقى شەرقىي تۈركىستاندا ئېغىر قەھەتچىلىك ۋە مىسلى كۆرۈلمىگەن قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەن بولۇپ، مۇنبەت جۇڭغارىيە ۋە تارىمدىكى بوستانلىقلارنى قۇم بېسىپ كەتكەن. شۇ ۋەجىدىن ئۇيغۇرلار ھازىرقى شىمالىي خىتاي، شەرقىي شىمالدىكى موڭغۇل يايلاقلىرى، شىمالدىكى سالقىن سىبىرىيە ۋە مۇنبەت شەرقىي ياۋروپا تۈزلەڭلىكلىرىگە بەس ـ بەستە ئومۇميۈزلۈك كۆچكەن. بۇ كۆچۈش تاكى مىلادىدىن بۇرۇنقى 5000 ـ يىللارغىچە داۋام قىلغان.

3 ـ قېتىملىق زور كۆچۈش ھەققىدە مۇراد ئەپەندى تەلفىقۇل ئەخبار دېگەن تارىخىي ئەسىرىدە ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى نوپۇزلۇق رىۋايەتلەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دېگەن :«چوڭ كۆچۈشتىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندا قېپقالغان ئاھالىلەر جەمئىي 19 قەبىلە بولۇپ، ئون چوڭ دەريا ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقانلىرى ئون ئۇيغۇر، توققۇز چوڭ دەريا بويىدا ئولتۇراقلاشقانلىرى توققۇز ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان. ئارىدىن نەچچە يۈز يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ئون ئۇيغۇر بىلەن توققۇز ئۇيغۇر بىرلىشىپ بىر دۆلەت بولغان ۋە «ئۇيغۇر» دەپ ئاتالغان. بۇلارنى تۇنجى بولۇپ بىرلەشتۈرگەن كىشى قاراخان دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇ ۋاقىت زامانىمىزدىن ( 1895 ـ يىلى ) 4895 يىل بۇرۇنقى چاغ ئىدى». دېمەك، ئۇيغۇرلار بۇندىن بەش مىڭ يىل ئىلگىرىلا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئون توققۇز چوڭ دەريادا ياشايدىغان ئون توققۇز قەبىلىنى «ئۇيغۇر» نامىدا بىرلەشتۈرۈپ، تۇنجى قۇدرەتلىك ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرۇپ چىققان. مۇراد ئەپەندىدىن سەل بۇرۇن ئۆتكەن ئۇيغۇر ئالىمى موللا ئىسمەتۇللا مۆجىزى 1858 ـ يىلى ئۆزى يازغان «مۇزىكانتلار تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە :«قەشقەر، خوتەن ۋە يەكەن خەلقى بۇ جايدا ياشاپ كەلگىلى 5858 يىل بولدى» دەپ كېسىپ ئېيتىش ئارقىلىق ، مىلادىدىن 4000 يىل بۇرۇنلا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىم ۋادىسىدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. بۇ دەۋردە ئەڭ قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىدىن بىرى بولغان سۇمېرلار مەركىزىي ئاسيادىن غەربىي ئاسياغا كۆچۈپ، ئىككى دەريا ۋادىسىدا ( مېسسوپوتامىيەدە ) يۈكسەك ۋە شانلىق مەدەنىيەت ياراتقان.

4 ـ قېتىملىق زور كۆچۈش مىلادىدىن ئۈچ مىڭ يىل بۇرۇنقى چاغلاردىن تاكى ئىككى مىڭ يىل بۇرۇنقى چاغلارغىچە داۋام قىلغان. بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلار سىبىرىيە، موڭغۇلىيە ۋە شىمالىي قۇتۇپقا يېقىن جايلاردىن ئۇدۇل جەنۇپقا سۈرۈلۈپ، بۇرۇن بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە ئاۋات ۋە مۇنبەت زېمىن بولغان سىرىق داريا ھاۋزىسىدىكى ئوردۇس يايلاقلىرى، گوبى يايلاقلىرى ( ھازىرقى گوبى چۆلى ئىلگىرى مۇنبەت يايلاق ئىدى ) بىلەن بىللە كەڭسۇ، قۇمۇل، تۇرپان، جۇڭغارىيە ۋادىسى، ئىلى ۋادىسى ۋە تارىم ۋادىسى قاتارلىق جايلارغا قايتىپ كەلگەن. مۇتەپەككۇر ئابدۇشكۇر مۇھەممەتئىمىن بۇ دەۋرنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000 ـ 1500 ـ يىللار، يەنى ئوغۇزخاندىن كېيىنكى دەۋر دەپ قارىغان.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللاردا، ئۇيغۇرلار ھارۋىنى ئىجاد قىلغاندىن كېيىن، كۆچۈش ئىشلىرى تېخىمۇ قولايلاشقان.

ئوخشاش بىر دەۋردە، ھىندىقۇش ۋە پامىر ئېتەكلىرىدىكى ئۇيغۇر جامائىتى تۇنجى قېتىم ھىندىستانغا ئومۇميۈزلۈك كۆچكەن. بۇلار ھىندىستاننىڭ دەسلەپكى ئارىئانلىرى دەپ ئاتالغان. ئىلاك بۇ ۋاقىتنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 6000 ـ 4000 ـ يىللار ئارىسى دەپ قارىغان بولسا، چېرچىۋارد مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000 ـ 1500 ـ يىللار دەپ قارىغان. يەنە بىر داڭلىق ئالىم ۋ.ئا.سىمىت بولسا :«ئارىئانلار ھىندىستانغا مىلادىدىن بۇرۇنقى 1500 ـ يىللىرى يېتىپ كېلىشكە باشلىغان» دېگەن. ھىندىستاندىكى ئۇيغۇر خەلقى كېيىنچە «ھىندۇ ـ ئارىئانلار» دەپ ئاتالغان. مېدىيانلار ( ئەزەربەيجانلار ) بىلەن پارسلارمۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000 ـ 1800 ـ يىللار ئارىسىدا ئۆزلىرىنىڭ تاغ ـ تۇرالاردىكى ماكانلىرىنى تاشلاپ كەلگەن ئۇيغۇرلاردۇر. ئۇلار مىلادىدىن بۇرۇنقى 1500 ـ يىللىرى كاۋكازىيە ۋە پېرسىيەگە كۆچۈشنى تاماملىغان. ھىندۇ ـ ئارىئانلارنىڭ ئەجدادلىرى بولغان ئۇيغۇر خەلقى تولىمۇ قولايسىز ۋە شارائىتى ناچار تاغلىقلاردىمۇ مىڭلىغان يىللار ياشاپ، نوپۇسى كۆپىيىپ كەتكەچكە، ھىندىستان، ئەزەربەيجان ۋە ئىران ۋادىلىرىغا سۈرۈلگەن.مەزكۇر ئارىئانلار كەلگەن چاغدىن تاكى مىلادى 1680 ـ يىللىرىغىچە ئۇيغۇر ئەۋلادلىرى راجالار ۋە ماخاراتلارنى ھىندىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمىغا سىقىپ چىقىرىشنى داۋام قىلغان.

5 ـ قېتىملىق زور كۆچۈش «تۇران» دۆلىتى يىمىرىلگەندە يۈز بەرگەن. ئىران تارىخىي رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، مىلادىدىن ئىككى مىڭ نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىلا تۈركىستاندا تۇران ناملىق بىر چوڭ دۆلەت بولغان. گەرچە تۇران دۆلىتى مىلادىدىن بۇرۇنقى 652 ـ يىلى ئىراننى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ، ئۇزاق يىل داۋام قىلغان «ئىران ـ تۇران ئۇرۇشى» نى ئاخىرلاشتۇرغان بولسىمۇ، بىراق، مىلادىدىن بۇرۇنقى 6 ـ ئەسىردىكى ئاخمانىلار شاھلىرىدىن كىرۇس ۋە دارىئۇس قاتارلىقلارنىڭ قىرغىنچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشلىرى تۈپەيلىدىن تۇران دۆلىتى ئاستا ـ ئاستا زەئىپلىشىپ، كۆچمەن پۇقرالىرى تۇراندىن ئۇرالغا ۋە بايقال تەرەپكە كۆچۈپ كەتكەن. شەھەرلەشكەن پۇقرالىرى ئەنجان ۋادىسى، تارىم ۋادىسى ۋە خوشنا بەشبالىق تەرەپلەرگە كۆچۈپ كەتكەن. مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ سەلتەنەت قۇياشى موڭغۇلىيەدە پارلاپ، تۇران دەۋرى تولۇق ئاخىرلاشقان.

6 ـ قېتىملىق زور كۆچۈش مىلادىدىن بۇرۇنقى 215 ـ يىلى يۈز بەرگەن. 22 يىل بۇرۇن ھونلارنى بىرلىككە كەلتۈرگەن تۇمەن قاغان سۈيى ئەلۋەك ئوردۇس يايلىقىدا ئۆز قەۋمى بىلەن بىللە بەخىرامان يايلاۋاتقاندا، جەنۇبىي خىتاينى بىرلىككە كەلتۈرگەن چىن شىخۇاڭ ئەۋەتكەن 200 مىڭ چىن قوشۇنى

تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، ئوردۇستىكى پۈتۈن قەۋمنى باشلاپ شىمالغا كۆچكەن. گەرچە هونلار بۇ قېتىم ۋاقىتلىق مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ياندۇرقى يىلى چىن شىخۇاڭ سەددىچىن سېپىلىنى سوقۇپ ياۋدىن مۇداپىئەلەنگەن. ئارىدىن توققۇز يىلمۇ ئۆتمەي تۇرۇپ، چىن سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغان. يەنە بەش يىل ئۆتۈپلا، بۇيۈك هون تەڭرىقۇتلۇقىنى قۇرغان باتۇر تەڭرىقۇت يېڭىلا قۇرۇلغان خەن سۇلالىسىنى بېقىندى دۆلەت قىلىۋالغان.

7 ـ قېتىملىق زور كۆچۈش مىلادىدىن بۇرۇنقى 174 ـ يىلى يۈز بەرگەن. ساندىبىل شەهرى ( هازىرقى جاڭيې ) نى پايتەخت قىلغان ئۇلۇغ ياۋچىلار باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ هۇجۇمىدا تارمار بولۇپ، پۈتۈن قەۋمنى باشلاپ غەرپكە كۆچكەن. ئۇلارنىڭ زور بىر قىسمى دەسلەپتە شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۇچار ۋە ئىلى ۋادىسىغا سۈرۈلۈپ «چوڭ توخارلار» دەپ ئاتالغان. ئاز بىر قىسمى كۆكنۇردىكى چىلانتاغلىرىنىڭ ئىچكىرىسىگە كۆچۈپ بېرىپ «كىچىك توخارلار» دەپ ئاتالغان. ئۇلار كېيىنچە هازىرقى تىبەتلەرنىڭ ئېتنىك ئەجدادلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان. چوڭ توخارلار كېيىنچە تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىمۇ مەهكەم پۇت تىرەپ تۇرالماي، هازىرقى پامىر ئېتەكلىرىگە قېچىپ بېرىپ، توخارىستان خانلىقىنى قۇرغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 50 ـ يىلغا كەلگەندە، توخارىستان خانلىقى كۇشان ئىمپېرىيىسى بولۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلغان. ( شۇ مەزگىلدە هونلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر قىسمى سەددىچىن ئىچىگە كۆچۈپ، خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان ) كېيىنچە كۇشانلارنىڭ داڭلىق قاغانى كانىشكا مىلادى 120 ـ يىلى تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن مەخپىي سۆهبەت ئېلىپ بېرىپ، خوتەن، يەركەن ۋە قەشقەرلەرنى هىمايىسىگە ئالغان. ئارقىدىنلا تاجاۋۇزچى خەن سۇلالىسىغا قارشى ئۇرۇش ئاچقان.

8 ـ قېتىملىق زور كۆچۈش مىلادى 350 ـ يىلدىن 450 ـ يىللىرىغىچە داۋام قىلغان. بۇ مەزگىلدە، سىيانپىلارغا بويسۇنۇشنى نومۇس بىلگەن ئەجدادلىرىمىز باشقا هون قەبىلىلىرى بىلەن بىللە غەربىي قازاقىستان تەۋەسىدىن قارا دېڭىز ۋە شەرقىي ياۋروپا تەرەپكە سۈرۈلۈپ، چاقماق تېزلىكىدە ئالغا ئىلگىرىلەپ، پۈتۈن ياۋروپانى زىلزىلىگە سالغان. ياۋروپا شۇ چاغدا تۇنجى قېتىم ۋە ئاخىرقى قېتىم تارىختىلى ئەڭ كىچىك هالغا كەلگەن. بىراق 452 ـ يىلدىكى ئاتىللانىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، ياۋروپا هون ئىمپېرىيىسى تەركىبىدىكى قەبىلىلەر ئوتتۇرا ياۋروپادىكى ۋېنگرىيەنى ۋەتەن تۇتۇپ، شۇ جايدىكى ئون ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە بۈگۈنكى هونگىرلارنىڭ ئەجدادىغا ئايلانغان.

9 ـ قېتىملىق زور كۆچۈش مىلادى487 ـ يىلى يۈز بەرگەن. شۇ چاغدا موڭغۇلىيە دالىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى بولغان بۆركلى( بۆكلۈكلەر ، تۇماقلىقلار ) قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئاي ئوجرونىڭ

يېتەكچىلىكىدە جۇرجانلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي قىسمىغا ( هازىرقى جۇڭغار دالىسىغا ) كۆچكەن. شۇ قېتىم هازىرقى ئالتاي ئارقىلىق غەربتىكى ئانا ۋەتىنى بەشبالىققا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 600 مىڭ بولۇپ، 120 مىڭ چېدىرلىق ئائىلىدىن ئىبارەت ئىدى. جۇرجان قاغانى تۇلۇن (487 ـ 492 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان ) نۇرغۇن قوشۇنلىرىنى باشلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن. جەنۇبىي ئالتايدا بولغان ئۇرۇشتا ئۇيغۇر خانى ئاي ئوجرو جۇرجان قاغانى تۇلۇن قوشۇنلىرىنى تارمار قىلغان. ئۇيغۇرلار شۇ يىلى هازىرقى بەشبالىقتىكى ئۆز قېرىنداشلىرى بولغان باشقا ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ، تارىختا «ئېگىز هارۋىلىقلار خانلىقى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان. 60 يىل هۆكۈم سۈرگەن (مىلادىنىڭ 487 ـ يىلىدىن 546 ـ يىلغىچە) بۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى ماناس ئەتراپلىرىدا بولۇپ، تېررىتورىيىسى شىمالدا ئالتاي، شەرقتە قۇمۇل، غەربتە سايرام كۆلى بويىغىچە، جەنۇپتا قاراشەهەر، لوپنۇر ئەتراپلىرىغىچە سوزۇلغان بولۇپ، شىمالدا جۇرجانلار بىلەن، قاراشەهەر ئەتراپلىرىدا ئاق هونلار بىلەن، لوپنۇر ئەتراپلىرىدا تۇيغۇنلار (تىبەت خانلىقى) بىلەن دائىم ئۇرۇشۇپ تۇرغان. 546 ـ يىلى مەزكۇر ئۇيغۇرلار پۈتۈن كۈچى بىلەن قايتا جۇجانلارغا قارشى جەڭگە ئاتلانغان. بىراق كۈتۈلمىگەندە ئالتايدىكى كۆكتۈركلەرنىڭ ئارقا تەرەپتىن قىلغان تۇيۇقسىز هۇجۇمىغا ئۇچراپ مۇنقەرز بولغان.

10 ـ قېتىملىق زور كۆچۈش 630 ـ يىلىدىن 680 ـ يىللىرىغىچە داۋام قىلغان. بۇ مەزگىل تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتلىرى بولغان كەڭسۇ، دەشتئاتا ۋە شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىۋالغان ۋاقىت بولۇپ، دېهقانچىلىق قىلىدىغان ۋە مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار بىر مەزگىل چىشىنى چىشلەشكە مەجبۇر بولغان. بىراق ئات مىنەلەيدىغان ۋە ئوقيا ئاتالايدىغان ئۇيغۇرلار تېخىمۇ غەربكە كۆچۈپ، ئۇرال ـ ئېتىل ۋادىسىنى مەركەز قىلىپ، ئەرەبلەر، ئورۇسلار ۋە شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن توختىماي ئۇرۇش قىلىۋاتقان هازار خانلىقىغا بەيئەت قىلغان. نەتىجىدە بۇرۇن غەربىي تۈرك قاغانلىقىغا تەۋە بولغان هازار خانلىقى 659 ـ يىلىدىن باشلاپ، قاغانلىققا ئايلىنىپ، كۆچمەنلىك دەۋرىگە خاتىمە بېرىپ، شەهەرلەشكەن مەدەنىي ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرىدە ئۇدا 400 يىل قارا دېڭىز ساهىللىرى، قىرىم، شەرقىي ياۋروپا، جەنۇبىي رۇسىيە، كاۋكازىيە ۋە غەربىي قازاقىستان قاتارلىق جايلاردا تۆت ئەسىر دەۋران سۈرگەن. كېيىنچە هازارلاردىن كېلىپ چىققان سالجۇقىيلار غەربىي ئاسىيادا مىڭ يىللىق تۈرك سەلتەنەت دەۋرىگە ئاساس سالغان.

11 ـ قېتىملىق زور كۆچۈش 840 ـ يىلىدىن 870 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان. بۇ مەزگىل ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى يىمىرىلگەن ئەڭ جاپالىق مەزگىل بولۇپ، موڭغۇلىيەدە 200 يىل دەۋران سۈرگەن شەرقىي

ئۇيغۇرلار ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ، غەربىي ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستان ۋە كەڭسۇ ـ ئوردۇس تەۋەلىرىگە كۆچۈپ كەلگەن. بۇلاردىن بىر قىسمى ئۇدۇل غەربكە يېتىپ كېلىپ، ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان قارلۇق خانلىقى ( 756 ـ 878 ) تەۋەسىگە يېتىپ كېلىپ، ياغمىلار ۋە قارلۇقلارنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى توققۇز قەبىلىلىرى بىرلىشىپ، قاراخانىلار ( 840 ـ 1212 ) قاغانلىقىنى قۇرۇپ چىققان. يەنە بىر قىسمى شاھزادە پانتېكىن باشچىلىقىدا بەشبالىق ۋە قۇچۇ تەۋەسىگە كۆچۈپ، شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ، قۇچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقىنى قۇرغان. ئەڭ غوللۇق قىسمى بولغان 13 قەبىلە ئۆگە قاغان، 11 شاھزادە، 8 تارقان ۋە 10 سانغۇننىڭ يول باشلىشىدا ئۇدۇل جەنۇبقا كۆچۈپ، تاڭ سۇلالىسىدىن قاغانلىقنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ياردەم تەلەپ قىلغان. بىراق تاڭ ۋۇزۇڭ بۇنى رەت قىلغاندا ۋەزىر چېك تۇرغاچقا، نائىلاج سانى 300 مىڭ نەپەر بولغان 13 قەبىلە ئۇيغۇرغا ئاران 20 مىڭ خو ئاشلىق بەرگەن. يەنە كېلىپ ئۇ بۇنى بۇرۇنقى ئات سودىسىدىكى قەرزىگە ھېسابلاپ بەرگەن. بۇ چاغ 12 ـ ئاي بولغاچ، سوغۇققا چىدىمىغان ھورمۇز تېكىن ئۈچ قەبىلىنى باشلاپ تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇپ، قاغانغا خائىنلىق قىلغان. ئاقىۋەت، 842 ـ يىلدىن 845 ـ يىلغىچە ئۆگە قاغان بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئارىسىدا ئۇدا ئۇرۇش يۈز بەرگەن. 846 ـ يىلى ئۆگە قاغان سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، مەزكۇر ئۇيغۇرلار ھازىرقى كەڭسۇغا يېتىپ كېلىپ، كەڭسۇ ئۇيغۇر خانلىقى ( 850 ـ 1036 ) نى قۇرۇپ چىققان.

12 ـ قېتىملىق زور كۆچۈش 970 ـ يىلدىن 1008 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان. بۇ مەزگىل قاراخانىلار قوشۇنى ئۇدۇن خانلىقىنى يوق قىلغان مەزگىل بولۇپ، نەچچە يۈز مىڭ خوتەنلىك بۇددىست ئۇيغۇرلار تىبەتكە كۆچۈپ كەتكەن. ئۇلار ھازىرقى شىمالىي تىبەت ( ئاساسلىقى ئالى رايونى ۋە تەڭرى كۆلى ئەتراپى ) خەلقىنىڭ ئاساسلىق ئېتنىك ئەجدادلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان. مەزكۇر راھىبلارنىڭ زور بىر قىسمى ئەرەب ئىسلام خەلىپىلىكى يېڭىدىن قولغا ئالغان كەشمىر ۋە توخارىستاندىن خوتەنگە كەلگەن ئۇيغۇر بۇددىستلار بولۇپ، قاراخانىلار ئىسلامىيەت دەۋرىگە قەدەم قويۇشتىن ئىلگىرى ئۇدۇننۇ قەشقەرگە تولۇق بەيئەت قىلغان ئىدى.

13 ـ قېتىملىق زور كۆچۈش 1212 ـ يىلدىن 1221 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان. دەسلەپكى بەش يىلدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى، ئىلى ـ يەتتە سۇ ۋادىسى، بەشبالىق، بالاساغۇن، تالاس، كۇچار، قەشقەر، يەكەن ۋە خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى بىر قىسىم مۇسۇلمان ئۇيغۇر ئالىملىرى، تىبابەت پىرلىرى ۋە باشقا غوللۇق دىنىي زاتلار بۇتپەرەس ۋە ئۇچىغا چىققان قانخور قاراختاي خانى كۈچلۈكنىڭ زۇلمىدىن قېچىپ، غەربىي تۈركىستان، توخارىستان ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كەتكەن. كېيىنكى بەش يىلدا غەربىي

تۈركىستاندىكى بۈيۈك خارەزىم شاھلىقى، توخارىستان ۋە پامىر ئېتەكلىرىدىكى مۇسۇلمان سەرخىللىرى تارىم ۋادىسىغا تۈركۈملەپ قېچىپ كېلىپ، چىڭگىزخانىنىڭ بۇخارا، سەمەرقەند، تېرمىز، خوجەند ۋە باشقا شەھەرلەردىكى ئېغىر قىرغىنچىلىقلىرىدىن ئۆزىنى ساقلاپ قالغان. چۈنكى چىڭگىزخان دەۋرىدە تارىم ۋادىسى مەركىزىي ئاسىيادىكى ئەڭ بىخەتەر جايغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئۇندىن باشقا 13 ـ ئەسىردە موڭغۇللارنىڭ غەرپكە قىلغان يۈرۈشىدە ئۇيغۇرلار ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. ھەتتا تۇرپان، كۇچا، قەشقەر ۋە خوتەن قاتارلىق شەھەرلەردىن نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ھىلاكۇخانىنىڭ قوماندانلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە غەربىي ئاسىياغا كۆچۈپ بارغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سىياسىيونلار، ئالىملار، زىيالىلار، كاتىپلار سەنئەتكارلار ۋە شائىرلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار غەربىي ئاسىيادا قۇرۇلغان موڭغۇل ئىلخانىيلار خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت، سەنئەت ۋە ھەربىي ئىشلىرى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان.ئىران چېگرىسىغا ھىلاكۇخان كېلىشتىن بۇرۇن خوراسان ۋە شەرقىي ئىران قاتارلىق جايلارغا ئۆگەدايخان ۋە موڭككخانلار ئۇيغۇرلاردىن باش ۋالى تەيىنلەنگەن ئىدى.

14 ـ قېتىملىق زور كۆچۈش 1262 ـ يىلدىن 1302 ـ يىلغىچە تۇرپان، قۇمۇل ۋە ئىلى قاتارلىق جايلاردا داۋام قىلغان. 1262 ـ يىلى قۇبلايخانغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن ئارىق بۇقا ئۆزىنى قوللىمىغان چاغاتاي خانلىقى پايتەختى ئالمالىقنى تولۇق ۋەيران قىلغان. ئاقىۋەت ئىلىدىكى ئۇيغۇر خەلقى بەشبالىق ۋە تارىم ۋادىسىغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. 1269 ـ يىلى ئۆگەدەيىنىڭ ئەۋلادى قايدۇ قۇبلايخانغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەندىن كېيىن، ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى موڭغۇللارنىڭ ئۇرۇش سەھنىسىگە ئايلىنىپ قالغان. 1266 ـ يىلى قۇبلايخان تەيىنلىگەن ئۇيغۇر ئىدىقۇتى قوچقار تېكىن 1270 ـ يىلدىن باشلاپ، قايدۇ ۋە دۇۋاغا قارشى ئۇرۇش قىلغان. 1275 ـ يىلى ئۇ 120 مىڭ كىشىلىك موڭغۇللارنىڭ قورشاۋىدا قېلىپ، يېرىم يىل قارشىلىق كۆرسىتىپ، مىڭ تەستە قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ، بارلىق تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنى كەڭسۇغا كۆچۈرۈپ كەتكەن. قۇبلايخان ئۇنىڭغا ئۆگەدەيخانىنىڭ نەۋرە قىزى باھار بېكەنى ياتلىق قىلغان. قوچقار تېكىن 1285 ـ يىلى قۇمۇلنى مۇداپىئە قىلىش ئۇرۇشىدا قايدۇ تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى نۇر تېكىن ( 1285 ـ 1318 ) موڭغۇللارغا ئۇدا قارشى تۇرغان. توپىلاڭچى قايدۇ 1302 ـ يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ شېرىكى دۇۋا تەسلىم بولغان. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى شۇندىلا كەڭسۇ ۋە قۇمۇلدىن قۇچۇغا قايتىپ كېلەلىگەن.

15 ـ قېتىملىق زور كۆچۈش 1757 ـ 1767 ـ يىللىرى يۈز بەرگەن. 751 ـ يىلدىكى تالاس ئۇرۇشىدىن كېيىن، توپتوغرا 1004 يىل سەددىچىندىن چىقىدىغان دۈشمەندىن خاتىرجەم بولغان ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالى قىسمى 1755 ـ يىلى ئىشغال قىلىنىپ، 1757 ـ يىلى يالغۇز ئىلىدىلا بىر مىليون

ئۇيغۇر، قازاق ۋە قالماق خەلقى مەنچىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن قىرىپ تاشلانغان. 1758 ـ 1759 ـ يىللىرى تارىم ۋادىسىدا قىرىپ تاشلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى تېخىچە ئېنىق ئەمەس. شۇ چاغدا يەكەن قارا سۇ بارگاھىدا ئاچ قالغان مەنچىڭ قوشۇنى ئۇيغۇرلارنى يەۋەتكەن ئىشلارمۇ بولغان. 1759 ـ يىلدىكى قانلىق ئىشغال قىلىنىشتا نەچچە يۈز مىڭ ئۇيغۇر خەلقى مەنچىڭگە باش ئەگمەي، قوقان خانلىقى ( 1710 ـ 1876 )، بۇخارا خانلىقى ( 1756 ـ 1868 )، بەدەخشان ۋە كەشمىر تەرەپكە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. 1765 ـ يىلى يۈز بەرگەن ئۇچتۇرپان قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن، يەنە نۇرغۇن ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاندىن كۆچۈپ كەتكەن. 1767 ـ يىلى مەنچىڭ خانلىقى ئۆزىگە خەۋپلىك دەپ قارىغان ئۇيغۇرلاردىن ئالتە مىڭ تۈتۈن ئۇيغۇرنى تۇرپان، قۇمۇل ۋە تارىم ۋادىسىدىكى مەشھۇر ئالتە شەھەردىن ئىلى ۋادىسىغا مەجبۇرىي كۆچۈرگەن.

16 ـ قېتىملىق زور كۆچۈش 1820 ـ 1828 ـ يىللىرى يۈز بەرگەن. بۇ دەل «جاھانگىر خوجا قوزغىلىڭى» مەزگىلى بولۇپ، 8 يىل داۋام قىلغان يېغىلىقتا نۇرغۇن ئۇيغۇرلار مەنچىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بولغان جەڭدە شېھىت بولغان. بولۇپمۇ 1827 ـ يىلى چىڭ قوشۇنى 70 مىڭ ئەسكەر بىلەن تارىمدا زور قىرغىنچىلىق قىلغاندا يالغۇز پەيزاۋاتتىلا 200 مىڭدىن ئوشۇق ئۇيغۇرنى زەمبىرەك بىلەن توپقا تۇتۇپ ئۆلتۈرگەن. قەشقەر شەھىرىنى قوغداش ئۇرۇشىدا 60 مىڭ ئۇيغۇر شېھىت بولۇپ، خوتەن شەھىرىنى قوغداش ئۇرۇشىدا 20 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر شېھىت بولغان. يۇقىرىقى ۋەھشىي قىرغىنچىلىقلار قەشقەر، يەكەن ۋە خوتەن ئۇيغۇرلىرىدىن 300 مىڭدەك كىشىنىڭ قوقان، بۇخارا، بەدەخشان ۋە ھىندىستانغا كۆچۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

17 ـ قېتىملىق زور كۆچۈش 1830 ـ يىلدىن 1863 ـ يىلغىچە 33 يىل پەيدىنپەي داۋام قىلغان. 1830 ـ يىلى يازدا قەشقەرىيەنى ئازات قىلىپ 90 كۈن خان بولغان مەمەت يۈسۈپ خوجا ( جاھانگىر خوجىنىڭ ئۆز ئاكىسى ) شۇ يىلى كۈزدە پارتلىغان قوقان ـ بۇخارا ئۇرۇشى تۈپەيلى، چىڭ قوشۇنىغا يالغۇز تاقابىل تۇرالماي قوقانغا قاچقان. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ 50 مىڭ ئۇيغۇر قوقان خانلىقى تەۋەسىگە كۆچكەن. 1846 ـ يىلى يەتتە خوجا قوزغىلىڭى غەلىبە قىلىپ، ھەر بىر خوجا تارىمدىكى بىر شەھەرگە باشلىق بولغان. بىراق مەنچىڭ خانلىقى ئەنگلىيە تەرەپنىڭ قوللىشىدا 1847 ـ يىلى تارىم ۋادىسىنى قايتا ئىشغال قىلغان. قىرغىن قىلىنىشتىن قورققان ئۇيغۇرلاردىن 20 مىڭ كىشى نويابىردا قوقانغا قاچقان. بىراق ئۇلارنىڭ تولىسى يولدا توڭلاپ قازا قىلغان. 1857 ـ يىلى ۋەلىخان تۆرە قەشقەرىيەنى ئازات قىلىپ خان بولغان. بىراق ئۇ 1858 ـ يىلى قوقانغا قاچقان. ئۇنىڭغا ئەگەشكەن 15 مىڭ ئۇيغۇر قوقانغا كۆچۈپ كەتكەن. كېيىنكى بەش يىلدا تارىمدىكى ئۇيغۇرلار تارقاق ـ تارقاق ھالدا غەربتىكى خوشنا خانلىقلارغا پەيدىنپەي

كۆچۈپ كەتكەن. يۇقىرىقى 33 يىل جەريانىدا 85 مىڭدىن 160 مىڭغىچە بولغان ئۇيغۇرلار خوجىلار بىلەن بىللە قوقان خانلىقىغا كۆچكەن.

18 ـ قېتىملىق زور كۆچۈش 1877 ـ 1881 ـ يىللىرى ئارىسىدا قەشقەرىيەدىن غەربىي تۈركىستانغا قارىتا بولغان. 1877 ـ يىلى 13 ـ ئاۋغۇست، ھېكىمخان تۆرە ( مەمەت يۇسۈپ خوجىنىڭ نەۋرىسى، كاتتاخان تۆرىنىڭ ئوغلى، بۇزرۇكخان تۆرىنىڭ نەۋرە ئاكىسى ) ياقۇپبەگنىڭ ئوغلى بەگقۇلى بەگ تەرىپىدىن ئاقسۇدا يېڭىلىپ، بەدەل داۋىنى ئارقىلىق قوقانغا كەتكەن. شۇ قاتاردا ئاقسۇ ئۇيغۇرلىرىدىن 30 مىڭ كىشى ۋە بەش مىڭ ئۇيغۇر ئەسكەر بىللە كۆچۈپ كەتكەن. 17 ـ دېكابىر كېچە قەشقەر ئۇيغۇر شەھىرى ئىشغال قىلىنغاندا، شەھەر ئاھالىسىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى قوقانغا قېچىپ كەتكەن ( زوزۇڭتاڭ مەنچىڭ خانىغا يوللىغان مەلۇمات ). بىر ھەپتە ئىچىدە پەقەت ئوشقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار 4641 نەپەرگە يەتكەن. ئاخىرقى بىر ھەپتىدە 12 مىڭ ئۇيغۇر ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن تۇڭگانلار قوقانغا بىللە قاچقان. 1878 ـ يىلى يەركەن ۋە خوتەن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، زوزۇڭتاڭ 7450 نەپەر ئۇيغۇرنى ياقۇپبەگكە ئەسكەر بولغان، مەنچىڭغا قارشى كۈرەش قىلغان دەپ ئەيىپلەپ كوللىكتىپ قىرىپ تاشلىغان. ئاقىۋەت، 100 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر خەلقى ئانا ۋەتىنىدىن ئۆزگە خوشنا پەرغانە ۋادىسىغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. 1879 ـ يىلى ئوپالدا 2000 ئۇيغۇر قىرغىزلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، 1881 ـ يىلغىچە قەشقەرىيەدىن غەربىي تۈركىستانغا كىچىك كۆلەمدە كۆچۈش ئىزچىل داۋام قىلغان.

19 ـ قېتىملىق زور كۆچۈش 1881 ـ يىلى باھاردىن 1884 ـ يىلى 15 ـ مارتقىچە داۋام قىلغان. بۇ قېتىمقى زور كۆچۈش ئىلى سۇلتانلىقى تەۋەسىدىن چاررۇسىيەگە قاراشلىق يەتتە سۇ ۋە ئالماتا تەرەپلەرگە بولغان. 1882 ـ يىل ئىچىدىلا ئۇنساي ـ قورغاس بۆلىكىدە 3800 ئائىلىلىك ئىلى خەلقى ( بۇلاردىن 800 ئائىلە تۇڭگانلار )، چېلەكتە 3371 ئائىلە ئۇيغۇر ئورۇنلاشقان. 1882 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىلىدىن يەتتە سۇغا كۆچكەن تارانچى ئۇيغۇرلىرىنىڭ سانى جەمئىي 50 مىڭ كىشى بولغان. بۇلارغا شۇ يەردىكى تارانچىلار قوشۇلۇپ، يەتتە سۇدىكى تارانچىلارنىڭ سانى 60 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. 1884 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا 9572 ئائىلە، يەنى 45373 نەپەر ئۇيغۇر شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىلىدىن چاررۇسىيەنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى غەربىي تۈركىستانغا كۆچۈپ كەتكەن.

20 ـ قېتىملىق زور كۆچۈش 1896 ـ يىلىدىن چاررۇسىيە غۇلاپ چۈشكەن 1917 ـ يىلىغىچە داغدۇغىسىز داۋام قىلغان. بۇ زور كۆچۈش ئۇيغۇر تارىخىدىكى بىردىنبىر ئانچە دىققەتنى تارتمىغان ئۈن تىنسىز تاماملانغان چوڭ كۆچۈشتۇر. رۇسىيەنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى 1896 ـ يىلىلا 68 مىڭ 760

نەپەر شەرقىي تۈركىستانلىقنى رۇسىيەگە بېرىپ ئىشلەش ۋە يەرلىشىش رەسمىيىتى بېجىرىپ بەرگەن. 1912 – يىلى مەنچىڭ خانلىقى غۇلىغانىدىن كېيىن، چار رۇسىيە تەرەپ نۇرغۇنلىغان پۇخرالىق گۇۋاھنامىلىرىنى تارقىتىپ، ئۇيغۇرلارنى رۇسىيە پۇخراسى بولۇشقا قىزىقتۇرغان. رۇسىيە سودا ئاقساقاللىرىنىڭ ئىمتىيازىنى ئوبدان بىلىدىغان نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ئەرك ۋە غۇرۇر بىلەن ياشاش ئۈچۈن رۇسىيە پۇخرالىقىغا ئۆتۈپ، 1914 – يىلدىن 1916 – يىلغىچە غەربىي تۈركىستانغا كۆچۈپ كەتكەن. بىراق 1916 – يىلى يازدا پارتلىغان چوڭ قوزغىلاڭدا 100 مىڭدەك قىرغىز خەلقى ئورۇسلارنىڭ قىرغىنچىلىقىدىن قورقۇپ، شەرقىي تۈركىستانغا قېچىپ كەلگەن. 50 مىڭدەك قازاق خەلقمۇ ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايلارغا قېچىپ كەلگەن. 20 مىڭدەك ئۇيغۇر خەلقى ئانا ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەن. 1917 – يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلىغاندا، ياڭ زېڭشىننىڭ زۇلۇم – ستەملىرىگە چىدىمىغان 20 مىڭ ئۇيغۇر ۋە 15 مىڭ قازاق تىبەتكە كۆچۈپ كەتكەن.

1917 – يىلى چاررۇسىيە تەۋەسىدە 609 مىڭ 88 تارانچى بارلىقى، ئۇلارنىڭ 1881 – يىلدىن كېيىن كۆچۈپ كەلگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان.

21 – قېتىملىق زور كۆچۈش 1933 – يىلدىن 1944 – يىلغىچە بولغان. دەسلەپكى بەش يىلدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراشلىق غەربىي تۈركىستاندىكى نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ستالىن باشلىغان «چوڭ تازىلاش ھەرىكىتى» دىن قېچىپ شەرقىي تۈركىستانغا قايتىپ كەلگەن. ئاخىرقى بەش يىلدا جاللات شېڭ شىسەيىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن ئۇيغۇرلار غەربىي تۈركىستانغا قايتىدىن سەلدەك ئاققان. شۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاچقان ئۇيغۇرلار شىمال تەرەپتىن كۆپرەك بولغان. شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى كورلا، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، ئاتۇش ۋە خوتەن قاتارلىق رايونلاردىن بىر تۈركۈم يۇرت كاتتىلىرى ۋە مىللىي ئىنقىلاب رەھبەرلىرى مىلتارىست شېڭشىسەيىنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قېچىپ چەتئەلگە چىقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن كەشمىر، ھىندىستان، ئافغانىستان، ئاز بىر قىسمى سەئۇدى ئەرەبىستانغا  بېرىپ پاناھلانغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك زات خوتەن ئەمىرى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئىدى. شۇ قاتاردا، 1930 – يىللاردىكى ئىنقىلابنىڭ قالدۇق كۈچلىرى گېنېرال مەخمۇت مۇھىتى، خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ شەيخۇل ئىسلامى مۇھەممەت نىياز ئەلەملەرنىڭ باشچىلىقىدا ھىندىستانغا  قېچىپ چىقىپ پاناھلانغان. بۇلار ئاساسەن قەشقەر، يەكەن ۋە خوتەن رايونىدىكى مىللىي مۇستەقىللىق ئىنقىلابچىلىرى، يۇرت مۆتىۋەرلىرى، دىنىي ئۆلىمالار ۋە ئوقۇمۇشلۇق زاتلار بولۇپ، بۇ قېتىمقى ئون بىر يىللىق كۆچۈش ھەققىدە ھازىرغىچە ئېنىق سانلىق مەلۇمات يوق.

22 – قېتىملىق زور كۆچۈش 1949 – يىلى باشلانغان. بۇ قېتىمقى كۆچۈش ئالدى بىلەن كەشمىرگە، ئاندىن كېيىن كەشمىردىن تەيۋەن، تۈركىيە ۋە ئەرەبىستانلارغا بولغان. 1949 – يىلى 20 – سېنتەبىر

ئۈرۈمچىدىن ئايرىلغان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ۋە ئەيسا ئالپتېكىنلەرنىڭ 852 كىشىلىك ھىجرەت كارۋىنى ( بۇلاردىن 54 كىشى يول ئۈستىدە قازا قىلغان ) 1 ـ ئۆكتەبىر قەشقەردە چەتئەلگە چىقىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ، 12 ـ دېكابىر كۈنى لاداققا يېتىپ كەلگەن. 21 ـ دېكابىر، كەشمىر ۋالىيسى شەيخ ئابدۇللا بىلەن كۆرۈشكەن ئۇيغۇرلار، 7 ـ يانۋار، ھىندىستان ئارمىيىسىنىڭ كەشمىردىكى گېنىرالى بىلەن كۆرۈشۈپ، قەھرىتان قىشتا قىينىلىپ قالغان ئۇيغۇر ۋە قازاق مۇھاجىرلارنى ئايروپىلان ئارقىلىق سىرىناگارغا ئېلىپ كەلگەن. بۇ چاغدا كەشمىردىكى ئۇيغۇرلار يەتتە مىڭ نەپەرگە يېتىپ قالغان. 1951 ـ يىلى 17 ـ سېنتەبىر، يەنە 320 قازاق مۇھاجىر لاداققا يېتىپ كەلگەن. 1952 ـ يىلغا كەلگەندە يەنە 2300 قازاق ۋە 1300 مۇستەقىلچى ئۇيغۇر جەنۇبىي ئاسىياغا توپلانغان. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرالارنىڭ ئىككى يىللىق تىرىشچانلىقىدا 1953 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ھىندىستانغا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلاردىن 1800 كىشى ۋە ئوسمان باتۇرنىڭ قالدۇق قازاقلىرىدىن تەركىب تاپقان مۇھاجىرلار تۈركىيەگە يەرلەشكەن. تۈركىيەنىڭ قوبۇل قىلىشىنى ساقلىيالمىغان باشقا ئۇيغۇرلار يولۋاسنىڭ ۋە بىر قىسىم دىنىي زاتلارنىڭ تەۋسىيىسى بويىچە ھىندىستاندىن تەيۋەن ۋە ئەرەب ئەللىرىگە كۆچۈپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇر دىنىي ئۆلىمالىرى، يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرى خادىملار، ئالىملار ۋە يۇرت كاتتىلىرى ئىدى.

23 ـ قېتىملىق زور كۆچۈش 1951 ـ يىلدىن 1962 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان. بولۇپمۇ 1962 ـ يىلى 8 ـ ئاپرېلدىن 29 ـ مايغىچە بولغان 51 كۈندە ئەڭ كۆپ كۆچۈش رېكورتى يارىتىلغان. گەرچە بۇ باسقۇچتا كۆچۈش بەكلا ئاستا داۋام قىلغان بولسىمۇ، بىراق 1962 ـ يىلى 8 ـ ئاپرېل، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ چۆچەك، چاغانتوقاي، قورغاس، دۆربىلجىن چېگرىسىدىكى سىم توسۇقلارنى ئېلىۋەتكەندىن تاكى 1962 ـ يىلى 29 ـ ماي، خىتاي ئەسكەرلىرى 14 ـ مايدىكى قارارنىڭ روھى بويىچە قورغاس چېگرىسىدا ئىككى مىڭدەك ئۇيغۇرغا ئوت ئېچىپ، بارلىق چېگرالارنى قوراللىق كۈچ ئارقىلىق تاقىۋەتكەنگە قەدەر، ئاچارچىلىق ۋە باشقا تۈرلۈك سياسىي زىيانكەشلىكلەر 1962 ـ يىلى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سوۋېتقا كوللېكتىپ ھالدا قېچىپ كېتىش ۋەقەسىنى پەيدا قىلغان. ئاپرېلدىن ماينىڭ ئاخىرىغا قەدەر چېگرادىن ئۆتۈپ كەتكەنلەر 74580 كىشى، بۇنىڭ ئىچىدە پاسپورتسىز ئۆتكەنلەر 61395 كىشىگە يەتكەن. 25 ـ ماي چېگرا تاقىلىدىكەن دېگەن پىتنە سەۋەپلىك ئاخىرقى بەش كۈندە قورغاس تەرەپ زور مۇساپىر دولقۇنىغا دۇچ كەلگەن. 29 ـ ماي چۈشتىن كېيىن 2 مىڭدەك ئاۋام خىتايلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغان. ئاقىۋەت قوراللىق باندىتلار ئاددىي ئاۋامغا ئوت ئاچقان. نەتىجىدە چېگرا قايتىدىن تاقالغان.

( نەبىجان تۇرسۇن )

1962 ـ يىلى 29 ـ ماي غۇلجا قانلىق ۋەقەسىدە 100 نەپەردىن ئارتۇق ئۇيغۇرلار ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. ۋەقەگە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر ئىچىدە پەقەت قازاقىستان چېگراسى ئارقىلىق قاچقان

قاچاقلارنىڭ ئومۇمىي سانىلا 200 مىڭدىن ئارتۇق بولدى. 1962 ـ يىلى 6 ـ ئىيۇن، 341 مىڭ 500 نەپەر خىتاي ھەربىي ئەسكەرلىرىنىڭ غۇلجىغا كېلىشى بىلەن چېگرا مۇداپىئەسى كۈچەيتىلگەن. ئۇلار دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 58 دېھقانچىلىق مەيدانى كورپۇسى بولۇپ شەكىللەنگەن. 1963 ـ يىلى كىرىشى بىلەنلا قىستا ـ قىستاڭ شاڭخەيدىن 100 مىڭ نەپەر خىتاي ياشلىرى شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىلىپ، بوش قالغان مۇنبەت زېمىنلارغا ئىگىدارچىلىق قىلغان.

( كرىستىيىن تايلېر )

1962 ـ يىلدىكى چوڭ ئاچارچىلىقتا بىر قىسىم ئۇيغۇر خەلقى ۋە قىرغىزلارمۇ تارىم ۋادىسىدىن پەرغانە ۋادىسىغا كۆچكەن. ھازىرقى قىرغىزىستان پرېزىدېنتى سادىر جاپاروۋنىڭ دادىسىمۇ 1962 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاندىن كۆچۈپ بارغانلار قاتارىدىن ئىدى. 1960 ـ يىللاردا قەشقەر، ئاتۇش، يەكەن ۋە خوتەندىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى يالغاندىن ئافغانىستان پۇقراسى دەپ كۆرسىتىپ، ئۇتتۇقلۇق ھالدا قېچىپ چىققاندىن كېيىن، تۈركىيەگە كېلىپ يەرلەشكەن.

24 ـ قېتىملىق زور كۆچۈش 1980 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان. بۇ مەزگىل ئاتالمىش مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى دەۋرى ئاخىرلىشىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئون يىل تىنىۋالىدىغان پۇرستى بولغان. بولۇپمۇ 1983 ـ يىلى گېنېرال زىيائۇلھەقنىڭ تەلىپى بىلەن خىتاي تەرەپ قەشقەر ـ پاكىستان چېگرىسىنى ئېچىپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان ھامان، 33 يىلدىن بېرى تاقىلىپ قالغان يول ئېچىلىپ، قەشقەردىن تۇنجى ئۇيغۇر ھەج ئۆمىكى پاكىستانغا كەلگەندە، ئۇ ئۆزى بىۋاستە ئالدىغا چىقىپ ئۇيغۇرلارنى كۈتۈۋالغان ئىدى. شۇندىن بېرى قونجىراپ چېگراسى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەجگە بارىدىغان ۋە چەتئەللەرگە كۆچىدىغان ئەڭ مۇھىم ئۆتكىلىگە ئايلانغان. شىمال تەرەپتىكى قازاقىستان چېگرالىرىدىكى كۆچۈشمۇ كەڭ كۆلەمدە بولغان. دەسلەپكى ئۈچ يىل ۋە ئاخىرقى بىر يىلدا چەتئەللەرگە كۆچۈپ كېتىش ئاساسلىق سالماقنى ئىگىلىگەن. خىتاي ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋەتكەندىن باشلاپ تاكى بارىن ئىنقىلابى يۈز بەرگەن ۋاقىتقىچە بولغان ئون يىل ئىچىدە ياۋۇز خىتاينىڭ سىياسىي زىيانكەشلىكىگە ۋە تۈرلۈك بېسىملىرىغا ئۇچرىغان نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە داڭلىق دىنىي زاتلار پاكىستان، ئافغانىستان، تۈركىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرى، ئاز بىر قىسمى بولسا غەرب ئەللىرىگە كۆچۈپ كېلىپ پاناھلانغان.

25 ـ قېتىملىق زور كۆچۈش 1991 ـ يىلدىن 1997 ـ يىلغىچە بولغان. بۇ قېتىملىق زور كۆچۈش شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ئافغانىستان، پاكىستان، كەشمىر، تۈركىيە ۋە ئەرەب ئەللىرىگە تۈركۈملەپ كۆچۈش بىلەن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولسا، شىمالىي قىسمىدىكى ئالتاي، ئىلى، چۆچەك، بۆرتالا، ئالاتاغ ۋە قاراماي قاتارلىق جايلاردا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يېڭى مۇستەقىل بولغان

ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىگە قارتا بولغان. شۇ قېتىمدا كۆچكەنلەرنىڭ سانى بەش مىڭغا يېقىن بولغان. بۇلاردىن 1996 ـ يىلى چىقىپ كەتكەنلەرلا 3000 ئۇيغۇر بولغان.

26 ـ قېتىملىق زور كۆچۈش 1997 ـ يىلى 5 ـ فېۋرالدىكى غۇلجا ئىرقىي قىرغىنىدىن كېيىن باشلىنىپ، 1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر داۋام قىلغان. بۇ يەردە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، بۇ قېتىملىق كۆچ ـ كۆچتە ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى غەربتىكى دېموكراتىك ئەللەرنى تاللىغان. چۈنكى 1996 ـ يىلى قۇرۇلغان شاڭخەي بەشلىك گۇرۇھىنىڭ تەسىرىدە 1997 ـ يىلدىن باشلاپ بارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى ۋە پاكىستاننىڭ ئۇيغۇر پاناھچىلارنى خىتايغا زورلاپ ئۆتكۈزۈپ بېرىش قىلمىشلىرى تۇپەيلى، ئۇيغۇرلار بۇ قېتىم يىراق غەرب ئەللىرىگە، بولۇپمۇ ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە، كانادا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەرگە بېرىپ پاناھلىق تىلەشنى تاللىغان. نەتىجىدە ياۋروپادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 1997 ـ يىلدىن كېيىن ھەسسىلەپ كۆپەيگەن. شۇ قېتىمدا 5000 نەپەردەك ئۇيغۇر شەرقىي تۈركىستاندىن غەرپكە كۆچۈپ كەتكەن.

27 ـ قېتىملىق زور كۆچۈش 2000 ـ يىلدىن 2009 ـ يىلغىچە بولغان. بۇ مەزگىل 2001 ـ يىلى 11 ـ سېنتەبىر تېررورلۇق زور ۋەقەسى يۈز بەرگەن مەزگىل بولۇپ، خىتاي تەرەپنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرلۈك يوللۇق ۋە ھەققانىي كۈرەشچىلىرىگە «ئۈچ خىل كۈچ»، يەنى مىللىي بۆلگۈنچىلەر، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر ۋە زوراۋان تېررورچىلار دەپ قالپاق كىيگۈزۈپ قاتتىق باستۇرۇش سىياستى، يەنە مىڭلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئانا ۋەتىنىنى تاشلاپ، ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق، قانۇنلۇق ياكى قانۇنسىز يوللار بىلەن چەتئەللەرگە ھىجرەت قىلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان. 2000 ـ يىلدىن، تاكى ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى يۈز بەرگەن 2009 ـ يىلغىچە بولغان جەريانمۇ، ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىنىڭ چەتئەللەرگە سەلدەك كۆچۈپ چىقىشى ئەڭ كۆپ بولغان مۇھىم مەزگىل بوپقالغان.

28 ـ قېتىملىق زور كۆچۈش 2009 ـ يىلى 5 ـ ئىيۇلدىكى ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن تەدرىجىي باشلىنىپ، 2012 ـ 2014 ـ يىللىرى يۇقىرى پەللىگە يەتكەن. مەزكۇر باسقۇچتا ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاندا مىللىي مەۋجۇتلۇقى ۋە ئەقەللى ئىنسانىي ھوقۇقلىرىدىنمۇ مەھرۇم قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئوقۇش، تىجارەت، ساياھەت ۋە باشقا قاچاق يوللار ئارقىلىق چەتئەللەرگە كۆچكەن. دەسلەپكى ئىككى يىل نورمال ۋە ئاز ـ ئازدىن كۆچۈش بىلەن تاماملانغان بولسا، كېيىنكى ئۈچ يىل تولىمۇ قويۇق دىنىي تۈس ئالغان ئىدى. «ھىجرەت قىلىش» دولقۇنى نامى بىلەن تاماملانغان بۇ باسقۇچتا، نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈك جەسەتلىرى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىدە نىشانسىز قالدى. بەزىلىرى شۇ جايدىكى

چېگرا مۇداپىئە ئەسكەرلىرىگە ئەسىرگە چۈشۈپ خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىلدى. ئاز بىر قىسمىلا ئۈچىنچى بىر دۆلەت ئارقىلىق تۈركىيە ۋە بەزى ئەرەب ئەللىرىگە يېتىپ كېلەلىدى.

29 ـ قېتىملىق زور كۆچۈش 2015 ـ يىلى يازدىن 2017 ـ يىلى باھارغىچە داۋام قىلغان. 2015 ـ يىلى مايدا ، ئىلى، قاراماي، شىخەنزە قاتارلىق مۇھىم جايلاردا پاسپورت بېجىرىش چەكلىمىسى يوق قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنى ئاكتىپ بېجىرىش قىزغىنلىقى ئەسلى مۆلچەرلەنگەن ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن. 2015 ـ يىلى ئىيۇن ئېيىدىن تاكى ئاۋغۇست ئېيىغىچە بولغان قىسقىلا ئۈچ ئاي ئىچىدىلا تارىم ۋادىسىدىكى ئاقسۇ، قەشقەر ۋە خوتەندىمۇ پاسپورت بېجىرىش چەكلىمىسى بىراقلا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. خەلقىمىز بەئەينى تۈرمىدىن چىققاندەك خۇشال كەيپىياتتا سەلدەك ساقچىخانىلارغا ئېقىپ ، نەچچە كۈن ئۆچىرەتتە تۇرۇپ پاسپورت بېجىرتۋالغان . گەرچە ساقچىلار بۇ سىياسەتنىڭ كەم دېگەندە بىر يىل داۋام قىلدۇرۇلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، ئاۋامغا نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ ، ئەمما «بۈگۈن بىلەن ئەتىسىگە ئىشەنچ قىلالماس ھالغا چۈشۈپ قالغان خەلقىمىز» بۈگۈن ئېلىۋالغان ئەڭ ئەۋزەل دەپ قاراپ، ئائىلە بويىچە تولۇق پاسپورت بېجىرگەن. دەرۋەقە بۇ خىل كۆرۈلۈپ باقمىغان سىياسەت ساق بىر يىل داۋام قىلغان. ئەڭ ئاخىرقى پاسپورتلارمۇ 2016 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر خەلقىمىزنىڭ قوللىرىغا تېگىپ بولغان. ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم چەتئەلگە كۆچۈش دولقۇنىمۇ 2017 ـ يىلى مارتقىچە داۋام قىلغان. بۇ قېتىمقى كۆچۈشتە مىللىتىمىز ئىچىدىكى ئاز ساندىكى بىر قىسىم مۇھىم ئىختىساس ئىگىلىرىمۇ قۇتۇلۇپ قالغان. چۈنكى، شۇ چاغدىكى دولقۇندا پەقەت ۋە پەقەت ئىقتىسادقا ئالاقىدار چېكىتلەرگىلا چېقىلماي، باشقا چېكىتلەر ئۆچۈرۈلۈپ، پاسپورت بېجىرىش قولايلاشقان ئىدى. بىراق بۇ دولقۇندا چەتئەللەرگە كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئېنىقلىنىپ بولغىنى يوق.

30 ـ قېتىملىق كۆچۈش دولقۇنى 2017 ـ يىلدىن ھازىرغىچە داۋام قىلىۋاتقان بولۇپ، يۇقىرىقى 29 قېتىملىق زور كۆچۈش بىلەن پەرقلىق يېرى شۇكى، ئەڭ ئاخىرقى كۆچ ـ كۆچ ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتى شەرقىي تۈركىستان بىلەن ئالاقىدار بولماستىن، بەلكى، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى، ياپونىيە، پاكىستان، ئافغانىستان، ئەرەب ئەللىرىدىن تۈركىيەگە ۋە ياۋروپا ئەللىرىگە كۆچۈشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. 2017 ـ يىلى 4 ـ ئىيۇل كەچ باشلانغان مىسىر ۋەقەسى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنى، بولۇپمۇ ئەرەب ئەللىرى، جەنۇبىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا خىتايغا يېقىنىپ قالغان دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەندىشىسىنى قوزغىغان. شۇڭلاشقا شۇ يىلدىن بېرى تا ھازىرغىچە يۇقىرىقى بىر قىسىم ئەللەردىن تۈركىيەگە كېلىپ، تۈركىيە ئارقىلىق غەرب ئەللىرىگە كۆچۈش دولقۇنى ھېلىھەم داۋام قىلماقتا.

**خۇلاسە قىلغاندا، يۇقۇرىدىكى پاكىتلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمقى چاغلاردىن تارتىپلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەڭ ئاساسلىق خوجايىن خەلقى ئىكەنلىكىنى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەزەلدىن بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنى ئىكەنلىكىنى، ئون مىڭ يىللار بۇرۇن يۈز بەرگەن قۇرغاقچىلىق تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى ھازىرقى تاشقى موڭغۇلدىكى ئورخۇن، سېلىنگا دەرياسى ۋادىلىرىغا، بايقال كۆلى ئەتىراپىغا كۆچۈپ بېرىپ ماكانلاشقان بولسىمۇ، تۈرلۈك تەبىئىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۆز قېرىنداشلىرى قويىنغا، يەنى ئانا ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىپ، ئالتاي، يەتتە سۇ، تەڭرى تاغ ئېتەكلىرى، ھەتتا قارا قۇرۇم باغرىغىچە، دەشتئاتا، چىلانتاغ ۋە كەڭسۇ ئەتىراپلىرىغىچە ماكانلاشقانلىقىنى تولۇق ۋە قايىل قىلارلىق ھالدا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. 8 ـ ئەسىردە، ئورقۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تەبىئىي ئاپەت، ئىچكى ـ تاشقى ئۇرۇش ـ تالاش سەۋەبىدىن پايتەختىنى شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرگەنلىك توغرىسىدىكى پاكىتنى قوشقاندا، بۇ ئىسپاتنى تېخىمۇ زور ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. دېمەك ئۇيغۇرلار قەدىمقى دەۋرلەردە ئەنە شۇنداق كەڭ زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالتۇن دىياردا ياشىغان.**



مەسىلىسىز ئويغىنىش

# كىشىلىك مۇۋەپپەقىيەتتە تېخنولوگىيە ۋە خىزمەت ئۈنۈمدارلىقى

براين چېيسى

## تېخنولوگىيە ۋە خىزمەت ئۈنۈمدارلىقى

براين چېيىسى

«تېخنولوگىيە پەقەت پايدىلىنىش قورالىدۇر، خالاس.» ــــ مېلىندا گېيتىس

### تېخنولوگىيە كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەتكاردۇر

سىز چوقۇم ئۆزىڭىزنى مەشىقلەندۈرۈپ، تېخنىكىنى «خوجايىن»دەك ئەمەس، بەلكى «خىزمەتكار»دەك كۆرۈشكە ئادەتلىنىشىڭىز كېرەك. تېخنىكىدىكى يۈكسىلىشلەر مۇرەككەپلىك، قالايمىقانچىلىق ۋە بېسىم پەيدا قىلىشنى ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشنى تېخىمۇ راھەتلەشتۈرۈشنى، ئاددىيلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

نورمال شارائىتتا، تېخىمۇ يۇقىرى قىممەتكە ئىگە خىزمەتلەرنى تاماملىيالاش ئۈچۈن، چوقۇم قىممىتى نىسبەتەن تۆۋەن (ياكى يوق) ئىشلارنى تەرك ئېتىشىڭىز كېرەك. سىز چوقۇم «نۆۋەتتە، نېمە ئەڭ مۇھىم؟ خىزمىتىڭىزدە تاماملاش كېرەك بولغان ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە قايسى؟ خۇسۇسىي تۇرمۇشىڭىزدىكى ئەڭ مۇھىم ئىشچۇ؟ ئەگەر سىز پەقەت بىر ياكى ئىككى ئىشنىلا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولسىڭىز، قايسى ئىشلارنى تاللىغان بولاتتىڭىز؟» دېگەن سوئاللارنى ئۆزىڭىزدىن سوراپ تۇرىشىڭىز كېرەك.

سىز تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىپ، نېمىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىكەنلىكى خۇسۇسىدا ئۆز ـ ئۆزىڭىزنى قەرەللىك ئەسكەرتىپ تۇرۇڭ ۋە ئۆزىڭىزنىڭ ئەڭ ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىڭ. ئالاقىلىرىڭىزنى، ۋاقتىڭىزنى، ھەتتا ھېسسىياتىڭىزنى كونترول قىلىش خۇسۇسىدا، تېخنولوگىيە سىزگە ياردەم قىلالايدۇ.

### ئالاقە ئىشلىرىڭىزغا چەك قويۇڭ

ئىشخانىڭىزنى رەتلىگەنگە ئوخشاش، رەقەملىك خىزمەت بوشلۇقىڭىزنىمۇ رەتلەپ تۇرۇڭ. نۆۋەتتە قىلىۋاتقان ئىشىڭىز بىلەن ئالاقىسى بولمىغان بارلىق پىلانلارنى توختىتىڭ، دىققىتىڭىزنى ھەممىدىن بەك

چىچىۋېتىدىغان تور بەتلەرنى ئېتىۋېتىڭ. پەقەت ۋەزىپىڭىزنى تاماملىشىڭىز ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئالاقە قاناللىرىنىلا ئوچۇق قالدۇرۇڭ. دەرۋەقە، نۇرغۇن ۋەزىپىلەر تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقىلىشىشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئەمما، بىراۋ بىلەن ئالاقىلىشىش جەھەتتە ئون خىل تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇش ئۆز نۆۋىتىدە «زىيادە يۈك»تىن دېرەك بېرىدۇ. ئېكرانىڭىزدا پەقەت زۆرۈر ئۈچۈرلارلا قالغاندا، ئاندىن خىزمەتلىرىڭىزنى كۆڭۈلدىكىدەك تەرتىپكە سالالايسىز.

ئاۋازلىق ۋە ۋىدىيولۇق ئۇقتۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېتىپ، يانفونىڭىزنىڭ ھەقىقىي خوجايىنىغا ئايلىنىڭ. بۇ يانفونىڭىزنىڭ سىزنىڭ تىزگىنىڭىزدە ياكى ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈپ، سىزنى ئۆز تۇرمۇشىڭىزغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان مۇھىم بىر قەدەمدۇر.

ئۇنداقتا، جىددىي ئەھۋاللار يۈز بېرىپ قالسىچۇ؟

كىچىك پەرزەنتلىرى، ياشانغان ئاتا ـ ئانىلىرى ياكى ھالىدىن خەۋەر ئېلىشى كېرەك بولغان مېيىپ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بار كىشىلەر يانفونىدىكى ئۇقتۇرۇشلارنى تولۇق ئېتىۋېتىش ياكى تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلەردىن قۇتۇلۇشنى مۇمكىن ئەمەس دەپ ئويلايدۇ. چۈنكى، ئالمادىس ياشانغان ئاتا ـ ئانىسى مۇنچىدا يىقىلىپ چۈشسە، ياكى يەسلىدىكى بالىسىغا ئالاقىدار جىددىي بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قالسىچۇ؟

دەرۋەقە، بۇ ئىنتايىن رېئال بىر مەسىلە. بىر چارە ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا بارلىق كىشىلەرگە ماس كېلىۋەرمەيدۇ. يۇقىرىقىدەك ئەھۋالدا، سىز ئايرىم تېلېفون نومۇرىدىن بىرنى ئېلىپ، ئۇنى پەقەت ئاتا ـ ئانىڭىزغا ۋە بالىڭىزنىڭ يەسلىسىدىكىلەرگىلا ئېيتىپ بەرسىڭىز بولىدۇ.

يەنە شۇنىڭدەك، ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا، خىزمەتتىمۇ، خوجايىنىڭىز ياكى مۇھىم خېرىدارلىرىڭىز سىزنى تاپالايدىغان ۋە شۇلاردىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان ئالاقە قانىلىدىن بىرنى تەسىس قىلسىڭىز بولىدۇ. ئېلخەت ساندۇقىڭىزدىكى ئەڭ مۇھىم كىشىلەردىن كەلگەن ئېلخەتلەرنى ئاپتوماتىك ھالدا «ئەڭ ئاۋۋال ئوقۇلىدىغانلار» دېگەن تۈرگە ئايرىلىدىغان قىلىپ تەڭشەپ قويسىڭىز بولىدۇ.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئالاقە قاناللىرىڭىزنى دەرىجىلەرگە ئايرىڭ ـ دە، پەقەت زۆرۈر «پاقا»لارلا ئالاقە قەلئەرىڭىزگە كىرىشكە مۇۋەپپەق بولسۇن.

### ۋاقتىڭىزغا ئۆزىڭىز ئىگە بولۇڭ

ۋاقىت جەدۋىلىڭىز ھەم كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەتچى، ھەم ناھايىتى ئوسال خوجايىندۇر. بىر تەكلىپنامە تاپشۇرۇۋالغىنىڭىزدا، ئالدىراپ ـ تېنەپلا «قوبۇل قىلىش» كونۇپكىسىنى باسماستىن، مەزكۇر تەكلىپنىڭ سىزنىڭ ئىش تەرتىپىڭىزگە ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكىگە قاراڭ.

ۋاقىت جەدۋىلىڭىزدە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىشقا كەڭرى ۋاقىت ئاجرىتىڭ.

ۋەزىپىلەرنى تاماملاشقا ۋاقت ئاجرتش جەھەتتە شۇ قەدەر كەسكىن بولۇڭكى، ۋاقت جەدۋىلىڭىزنى كۆرگەن كىشى بوش ۋاقتىڭىزنىڭ ئىنتايىن ئاز ئىكەنلىكىنى كۆرسۇن. بۇ خىل ئورۇنلاشتۇرما كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ـ دە، ئۇلار سىز بىلەن ئۆتكۈزمەكچى بولغان يىغىننىڭ ۋاقتىنى ئىمكانقەدەر قىسقارتىشقا باشلايدۇ.

«قىلىنىدىغان ئىشلار تىزىملىكى» تۆردىكى يۇمشاق دېتاللار ۋاقتىڭىزنى تىزگىنلەشتىكى مۇھىم قوراللاردىندۇر. بۇ خىل يۇمشاق دېتاللار قەغەز يۈزىگە يېزىلغان «قىلىنىدىغان ئىشلار تىزىملىكى»نىڭ بارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە ھازىرلىغاندىن سىرت، بەزى قوشۇمچە ئىقتىدارلارغىمۇ ئىگە.

بۇ خىل «قىلىنىدىغان ئىشلار تىزىملىكى» دېتالى ئارقىلىق، بىراۋنىڭ ئىش تىزىملىكىنى بىر كونۇپكا بىلەنلا ئۆزىڭىزنىڭ تىزىملىكىگە قوشۇۋالالايسىز. بۇ ئارقىلىق ۋەزىپىلەرنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك تەقسىملىگىلى بولىدۇ. ئەمما، ئەڭ ئاۋۋال (باشقىلارنىڭ ئىش تىزىملىكىنى قارىغۇيۇق كۆچۈرۈپ كەلمەستىن) ئۆزىڭىزنىڭ ئىش تەرتىپىگە ئۇيغۇن بولغان ۋەزىپىلەرنى قوبۇل قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىڭ. بۇ خىل «قىلىنىدىغان ئىشلار تىزىملىكى» يۇمشاق دېتالى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە سىزگە ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىڭىزنى ئادا قىلىش توغرىسىدا ئەسكەرتمە بېرەلەيدۇ.

## ھېسسىياتىڭىزنى تىزگىنلەڭ

نۇرغۇن ئىنسان تېخنىكىنى ئۆزىگە خىزمەت قىلىدىغان «خىزمەتكار»غا ئايلاندۇرالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار يېڭى تېخنىكىلارنى ئۆگىنىشتىن قورقىدۇ. ھالبۇكى، بۇ خىل تەشۋىشنىمۇ يەڭگىلى بولىدۇ. تەشۋىشىڭىز سىزنى ھەرىكەتكە ئۆتۈشتىن توسۇپ قويمىسۇن. شۇنى بىلىڭكى، ھەرقانداق نەرسىنى ئۆگەنگىلى بولىدۇ ۋە باشقىلار ئۆگەنگەننى سىزمۇ چوقۇم ئۆگىنەلەيسىز.

ئىش ئۈنۈمىڭىزنى تېخىمۇ ئاشۇرىدىغان تېخنىكىلىق قوراللار توغرىسىدا بىر نەرسىلەرنى ئۆگەنگىڭىز بارلىقىنى شېرىكىڭىزگە ئېيتىڭ. ئەگەر تېخنولوگىيە مۇتەخەسسىسى بولغان دوستىڭىز، ئۇرۇق ـ تۇغقىنىڭىز ياكى خىزمەتدىشىڭىز بار بولسا، ئۇنىڭدىن ئۆگىنەلەيدىغانلىكى نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋېلىڭ.

ھەممىدىن ئاۋۋال، «قىلالمايمەن» دېگەن گەپنى ئۇنتۇپ كېتىڭ. نۆۋەتتە، تېخنولوگىيە بىلىش ئىختىيارىي مەسىلە بولماستىن، ئوقۇش ـ يېزىشنى، ھېسابلاشنى بىلىشكە ئوخشاشلا مۇھىم ۋە ئۇللۇق مەسىلىگە ئايلىنىپ بولدى. «تېخنولوگىيە پەقەت ئاز ساندىكى كىشىلەرلا بىلىدىغان نەرسىدۇر» دېگەن گەپنىڭ ھېچبىر ئاساسى يوق.

يېشىڭىز، ئىرقىڭىز ۋە جىنسىڭىزنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تېخنىكىنى ياخشى ئىگىلىشىڭىز كېرەك. ئەگەر تېخنولوگىيە ئىگىلەش جەريانىدا قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىپ، چۈشكۈنلەشكەن بولسىڭىز، (سىزنىڭلا ئەمەس) ھەممەيلەننىڭ ئاشۇنداق بىر مەزگىلنى باشتىن كەچۈرىدىغانلىقىنى ئويلاڭ.

سائىتىگە نەچچە يۈز دوللار مائاش ئالىدىغان پروگراممېرلارنىڭمۇ تېخنولوگىيە ئالدىدا چارىسىز قالىدىغان ۋاقىتلىرى بولىدۇ.

تېخنولوگىيە توغرا ۋە مۇۋاپىق رەۋىشتە قوللىنىلغان تەقدىردە، كىشىگە رىغبەت ئاتا قىلىپ، يۈكسەك ئۈنۈمدارلىقنىڭ مەنبەسىگە ئايلىنالايدۇ. ئۈزۈن مۇددەتلىك نىشانلىرىڭىزنى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ھەمبەھىرلەڭ ۋە ئەگەشكۈچىلىرىڭىزگە، شۇ نىشانغا يېتىدىغانلىقىڭىز ھەققىدە ۋەدە بېرىڭ. ئاندىن، ئۇلارغا ھەركۈنى ئىلگىرىلەش ئەھۋالىڭىزدىن «دوكلات» بېرىڭ.

شۇنداق بولغاندا، بىرەر كۈنىڭىز بىھۇدە ئۆتۈپ كەتسە ياكى ھۇرۇنلۇق قىلسىڭىز، (ئىجتىمائىي تاراتقۇدىكى) ھەركىم بۇنىڭدىن خەۋەر تاپىدىغان بولغاچقا، بۇ سىزگە نىشاندىن چەتنىمەسلىك خۇسۇسىدا بېسىم پەيدا قىلىدۇ.

(مەن بۇگۈن مەلۇم بىر تىلدىن مۇنچە سۆز يادلىدىم، دېگەندەك) ئىلگىرىلەش ئەھۋالىڭىزنى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ھەمبەھىرلەش ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلاندا نەتىجە ھاسىل قىلىشنىڭ ياخشى ئۇسۇللىرىدىن بىرىدۇر. كېلەچەكتىكى ئۆتۈق سىزدىن بەكلا يىراق بولغان ئەھۋالدا، داۋاملىق رىغبىتىڭىزنى ساقلىشىڭىز بەسى مۇشكۈل. شۇ ۋەجىدىن، ھەركۈنلۈك ئۇتۇقلىرىڭىزنى ھەمبەھىرلەپ، ئازدۇر ـ كۆپتۇر قوللاشقا ئېرىشىپ تۇرۇش، شجائىتىڭىزنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىلىرىدىن بىرىدۇر.

ھەتتا، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىن ئۆز ساھەيىڭىزدىكى كىشىلەرنى تېپىپ، شۇلار بىلەن كىمنىڭ تېخىمۇ كۆپ «پاقا»نى يەۋېتەلەيدىغانلىقى توغرىسىدا بەسلەششىڭىزمۇ بولىدۇ.

لېكىن، ھەرگىز ئىجتىمائىي تاراتقۇغا باغلىنىپ قالماڭ، ئەكسىچە ئۇنى ئۆزىڭىز (خىزمەت ۋە ئۆگىنىش ئۈنۈمىڭىزنى ئاشۇرۇش) ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇڭ. بۇنىڭ چارىسى تولىمۇ ئاددىي: تايىنى يوق نەرسىلەرنى يوللاپ يۈرگەننىڭ ئورنىغا، ھايات نىشانىڭىزنى ئېلان قىلىڭ ۋە بۇ خۇسۇستا ئىنسانلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈڭ.

ئۇ پاقىنى يەۋېتىڭ!

1. بۈگۈندىن ئېتىبارەن، جىددىي ئەھۋالدىكى ئالاقىلىشىش قانالىرىڭىزدىن باشقا بارلىق ئۇقتۇرۇشلارنى ئېتىۋېتىشكە بەل باغلاڭ. ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىڭىز ئۈچۈن، رەقەملىك ھاياتتا ئۆزىڭىزگە خاس ماكان ھازىرلاڭ.

2. تېخىمۇ ئۈنۈمدارلىششىڭىزغا ۋە دىققىتىڭىزنى مەركەزلەشتۈرۈشىڭىزگە ياردىمى تېگىدىغان يۇمشاق دېتال ياكى ئەپ تېپىپ، ئۇنى (كومپيۇتېرىڭىزغا ۋە يانفونىڭىزغا) قاچىلاڭ.

«ئۇ پاقىنى يەۋېتىڭ» ناملىق ئەسەردىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى



# ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئىدىئولوگىيە ئاساسى

مۇھەممەد ئۇيغۇر

# ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنىڭ ئىدېئولوگىيە ئاساسى

**(ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنىڭ ئىدېئولوگىيە ئاساسى: لىياڭ چىچاۋ ۋە سۇن جوڭشەندىن ئىككى خۇ ۋە شى جىنپىڭغىچە)**

**مۇھەممەد ئۇيغۇر**

«ئاق ئىت، قاراي ئىت ـ ھەممىسى بىر ئىت.» — ئۇيغۇر خەلق تەمسىلى

**ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، جاللات چىن چۆەنگو 2016 ـ يىلى يازدا ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپلا ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا تارىخىمىزدا مىسلى كۆرۈلمىگەن چوڭ قىرغىنچىلىق باشلاندى. ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتى بويىچە[1]، 3 مىليونغا يېقىن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەت خەلقى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىندى دېيىلگەن بۇ قىرغىنچىلىق ئۇزۇنغا قالماي پۈتۈن خەلقارا مېدىيالاردىن ئورۇن ئېلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ سەۋەپتىن ئامېرىكا باشلىق كۆپ ساندىكى غەرپ ئەللىرى تەرىپىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىق بىلەن ئەيىپلەندى.**

**بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەققىدىكى خەۋەرلەر خەلقارا مېدىيالاردىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردىن باشلاپلا، خەلقارا جەمئىيەت خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 21 ـ ئەسىردە، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى يەھۇدىلار ئىرقىي قىرغىنچىلىقىدىن بۇيان دۇنيادا كۆرۈلۈپ باقمىغان، بىر مىللەتكە قارىتىلغان مۇنداق بىر كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن ۋە قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىشىنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟ دېگەن سوئالنى سوراشتى ۋە مۇتەخەسسىسلەر بۇ ھەقتە ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، تېرورىزمغا قارشى تۇرۇش، شەرقىي تۈركىستاننى تېچلاندۇرۇپ، شجىنپىڭنىڭ "بىر يول، بىر بەلباغ" سىياسىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش... قاتارلىقلار ئاساسلىق سەۋەبلەر قاتارىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلدى. ئاپتورنىڭ قارىشىچە، يۇقارقىلار پەقەت كۆز ئالدىمىزدىكى، يۈزەكى سەۋەبلەردىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ تارىخى ۋە ئىدېئولوگىيە ئاساسىي ئەمەلىيەتتە بۇندىن بىر ئەسىر ئىلگىرىكى، چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاخىرقى**

مەزگىللىرىدىكى خىتاي چوڭ مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ (大一统 "دايىتوڭ"، يەنى چوڭ بىرلىشىش ئىدىئولوگىيەسى) بارلىققا كېلىش تارىخى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان.

بىر نەچچە ئەسىر مابەينىدە خىتاينى ئۆز ئىچىگە كۆپلىگەن شەرقىي ئاسىيا ئەللىرىنى تەسەررۇپ قىلىپ، ھەتتا 1870 ـ يىللىرى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىمۇ مۇنقەرز قىلغان مانجۇ چىڭ ئىمپېرىيەسى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە يىمىرىلىش گىرداۋىغا كېلىپ قالغان ئىدى، ياۋروپا ئەللىرى ۋە ھەتتا تېخى يېقىندا "مېيجى يېڭىلىنىشى" ھەرىكىتى ئارقىلىق ئەمدىلا كۈچلەنگەن ياپونىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولۇپ، "شەرقىي ئاسىيا كېسەلمەنى" دېگەن ئاتاققا قالغان ئىدى. مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، خىتاي زىيالىلىرى ئىچىدە، قانداق قىلىپ خىتاي دۆلىتىنى كۈچلەندۈرۈپ، ئۇنى ياۋروپا ئەللىرى بىلەن تەڭ تۇرالايدىغان، "قەددىنى كۆتەرگەن" ھالغا كەلتۈرۈش ھەققىدە كەڭ كۆلەمدە مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرە بولغان بولۇپ، ئۇلار "ئىسلاھاتچىلار" ۋە "ئىنقىلابچىلار" دىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھقا ئايرىلغان ئىدى. لياڭ چىچاۋ ۋە كاڭ يوۋۋېيلار ئىسلاھاتچىلارنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى بولۇپ، ئۇلار ياپونىيەنى ئۈلگە ئېلىپ، چىڭ ئىمپېرىيەسىنى سىياسى جەھەتتىن ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق خىتاينى كۈچلەندۈرۈشنى تەشەببۇس قىلاتتى؛ سۇن جوڭشەن قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى ئىنقىلاپچىلار بولسا خاراپلىشىشنىڭ تۈپ سەۋەبىنى "ياتلار" بولغان مانجۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن كۆرۈپ، مانجۇلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، خىتايلارنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلەشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئەمما، ئىسلاھاتچىلار ۋە ئىنقىلابچىلارنىڭ بىر ئورتاقلىقى شۇ ئىدىكى، ئۇلار ئەينى ۋاقىتتىكى چىڭ ئىمپېرىيەسى زېمىنى تەۋەلىكىدىكى خىتايدىن باشقا بارلىق مىللەتلەرنىڭ خىتايلار تەرىپىدىن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنىپ، 1903 ـ يىلى لياڭ چىچاۋ تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغان ئاتالغۇ بولغان "جوڭخۇا مىللىتى" نامىدىكى بىر مىللەت بولۇپ يۇغۇرۇلۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى ۋە شۇنداق بولىدۇ دەپ ئىشىنەتتى، يەنى ئۇلار كۆپ مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى پەقەت خىتايلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە كۈچى بىلەن يوقىتىلىدىغان ۋاقىتلىق بىر ھادىسە دەپ قارايتتى. ئۇلار يەنە ھەممىدىن مۇھىم ۋەزىپە چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىن پۈتۈنلىكىنى ساقلاش دەپ قارايتتى. دېمەك، بۇ خىل نۇقتى ـ نەزەرلەرنى ئاساس قىلغان "چوڭ بىرلىشىش" ئىدىيىسى بۇ ئىككى گۇرۇھ ۋەكىللىدىكى بارلىق خىتاي مىللەتچىلىرىنىڭ ئورتاق بىر ئىدىئولوگىيەسى بولۇپ، بۇ نۆۋەتتىكى شى جىنپىڭ باشلىق خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنىڭ تۈپ ئىدولوگىيە ئاساسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

بۇ خىل ئىدىيە 1911 ـ يىلى چىڭ ئىمپېرىيەسى ئاغدۇرۇلۇپ تاشلانغاندىن كېيىن قۇرۇلغان خىتاي جۇمھۇرىيىتى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇرۇنقى چىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى مىللەتلەرگە يۈرگۈزگەن سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ئىدى. گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ

قۇرغۇچىسى ۋە ئۇنىڭ مەنىۋى داھىسى بولمىش سۇنجوڭسەن، ئۆزىنىڭ "دۆلەت قۇرۇش ستراتېگىيىسى (建国方略)" ۋە "ئۈچ مەسىلەك (三民主义)" دېگەن كىتابلىرىدا بۇ مەسىلە ھەققىدە تەپسىلىي توختالغان بولۇپ، خىتاي ئەسكەرلىرى ۋە يەر-ماكانسىز خىتاي دېھقانلىرىنى كەڭ كۆلەمدە چېگرا رايونلارغا كۆچۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق ئۇ يەردىكى يەرلىك خەلقلەرنى "مەدەنىيلەشتۈرۈش"نى، شۇنداقلا، خىتايلارنىڭ مانجۇ، موڭغۇل، مۇسۇلمانلار ۋە تىبەتلەرنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ يېڭى بىر "جوڭخۇا مىللىتى" قۇرۇپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلغان. سۇنجوڭسەن ئۆلۈپ كېتىشتىن بىر يىل بۇرۇن، يەنى 1924-يىلى دۆلەتلىك گۋاڭجۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىدا قىلغان نۇتقىدا: "خىتايدا جەمى 400 مىليون خەلق بار. بۇنىڭ ئىچىدە، پەقەت بىر نەچچە مىليون موڭغۇل، بىر مىليون مانجۇ، بىر نەچچە مىليون تىبەتلىك ۋە بىر نەچچە يۈزمىڭ مۇسۇلمان تۈركلەر بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى جۇغلاپ كەلگەندە ئومۇمى نوپۇسى 10 مىليوندىن ئاشمايدۇ. شۇڭلاشقا، ئومۇمىي نوپۇس سانىدىن ئېيتقاندا بىز خىتايدىكى 400 مىليون خەلقنىڭ ھەممىسىنى پۈتۈنلەي خىتاي (خەنزۇ) مىللىتىدىن ئىبارەت، دەپ كېسىپ ئېيتالايمىز. ئۇلار ئورتاق قان-جەمەت، تىل، دىن ۋە ئۆرپ-ئادەتكە ئىگە بىر ساپ مىللەت." دەپ ئېيتقان.[2] سۇن جوڭسەن ئۆلگەندىن كېيىن، جاڭ كەيشى بۇ سىياسەتنى بىجاندىللىق بىلەن داۋاملاشتۇردى. مانجۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئاتا مىراس زېمىنى بولغان، تاكى 1860-يىلغىچە خىتايلارنىڭ ئولتۇراقلىششى مەنئى قىلىنغان مانجۇرىيە (يەنى "شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكە")گە 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى 40 يىلىدا 25 مىليون خىتاي كۆچمەنلىرى كۆچۈپ، بۇ يەر پۈتۈنلەي خىتايلاشتى. بۇ مەزگىلدە، ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستان دەسلەۋدە ياڭزېڭشىڭنىڭ "يەككە قالدۇرۇپ ئىدارە قىلىش" سىياسىتى نەتىجىسىدە خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئېقىپ كىرىشى مەنئى قىلىنىپ، مانجۇرىيەنىڭ تەقدىرىدىن قۇتۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ياڭدىن كېيىنكى جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭلارنىڭ قانلىق ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە خىتاي كۆچمەنلىرىنى يۆتكەش سىياسىتى، مىللىي زۇلۇم ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق چېكىگە يەتكەن بولۇپ، دەل مۇشۇ زۇلۇملار 1933- ۋە 1944-يىللىرىدىكى ئىككى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ئىنقىلابىنىڭ پىلتىسىغا ئوت يېقىلىشىغا سەۋەب بولغان ئىدى.

ئۆزلىرىنى سۇن جوڭسەننىڭ ئىنقىلابى ئىرادىسىگە ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلغۇچىلار دەپ قارايدىغان خىتاي كومپارتىيەسىمۇ تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا گومىنداڭچىلارغا ئوخشاشلا خىتاي مىللىتىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنى ئاخىرقى نىشان قىلغان بىر خىتاي مىللەتچى پارتىيەسى بولۇپ، بۇ يولدا پەقەت كوممۇنىستىك ئىدىلوگىيەدىنلا پايدىلانغان ئىدى، خالاس. ستالىن بىلەن ماۋ ئوتتۇرىسىدىكى مەخپىي كېلىشىم بويىچە، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان خىتاي كوممۇنىست ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، ۋاڭجېن ۋە ۋاڭ ئېنماۋ قاتارلىق خىتاي كوممۇنىست

جاللاتلىرى ئەنە شۇ چوڭ خىتايچىلىق شوۋىنىستىك ئىدىئولوگىيەسى بويىچە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان تەۋەسىدە ئۇيغۇرلار باشچىلىقىدىكى يەرلىك تۈركىي مىللەتلەر ئۈستىدە دەھشەتلىك باستۇرۇش ئېلىپ بارغان، ۋە نەتىجىدە ۋاڭ جېن "ۋاڭ جاللات" نامىنى ئالغان ئىدى. كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغىنى شۇكى، ھازىرقى ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنىڭ باش يېتەكچىسى بولغان شى جىنپىڭنىڭ دادىسى شى جوڭشۈن 1950 ـ يىللىرى ۋاڭجېننىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇ خىل ئەشەددىي سىياسىتىنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ بېيجىڭغا يۆتكىۋېتىشكە سەۋەبچى بولغان مۇھىم شەخس ئىدى.[3]

خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بۇ خىل چوڭ خىتايچىلىق شوۋىنىستىك ئىدىئولوگىيەسى 1955 ـ يىلى ئاتالمىش "شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى"نىڭ قۇرۇلۇشى جەريانىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ئىدى. سوۋېت كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەكسىچە، خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۈپتىن قارشى تۇرغان. بۇنىڭ سەۋەبىنى جۇ ئېنلەينىڭ ئېيتقىنى بويىچە، چار روسىيەدىكى مۇستەملىكە قىلىنغان مىللەتلەرنىڭ ئەكسىچە، خىتايدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق يەرلىك مىللەتلەر ھېچقاچان خىتايلارنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئۇچراپ باقمىغان، شۇڭا بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت قۇرۇش خىتاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كەلمەيدۇ، دەپ چۈشەندۈرگەن.[4] بۇنىڭدىن سۈنجۇڭسەننىڭ خىتاي مىللەتچىلىك ئىدىيىسى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي كوممۇنىستلىرى سۈنجوڭسەن ھايات مەزگىلىدە ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان كۆچمەن سىياسىتىگە بىجاندىللىق بىلەن ۋارىسلىق قىلىپ، ئىچكىرى خىتايدىن ۋەتىنىمىزگە زور كۆلەمدە خىتايلارنى يۆتكەپ، 1949 ـ يىلى نوپۇسىنىڭ 5% نى ئىگەللەيدىغان خىتايلارنىڭ نوپۇسى ئىرقىي قىرغىنچىلىق باشلىنىشتىن بۇرۇنقى شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ يېرىمىنى ئىگەللەيدىغان ھالغا كەلگەن ئىدى.

خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ بۇ خىل ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش سىياسىتى پەقەت شەرقىي تۈركىستاندىكى نوپۇس تەڭپۇڭلۇقىنى ئۆزگەرتىش بىلەنلا توختاپ قالغىنى يوق، ئەلۋەتتە. 1990 ـ 1980 ـ يىللاردىكى قىسمەن كەڭچىلىك ۋاقىتلارنى ھېساپقا ئالمىغاندا، خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغان 70 يىل مابەينىدە ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولغان ئىسلام دىنىغا قارشى ئۇرۇشنى ھەرگىز توختىتىپ قويمىدى ـ دىنى ئۆلىمالار ئېتىلدى، تۈرمىگە سولاندى؛ مەسچىتلەر چېقىلدى؛ خەلق نورمال دىنى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشتىن چەكلەندى؛ ئەرلەرنىڭ ساقال قويۇشى، ئاياللارنىڭ ھجابلىنىشى مەنئى قىلىندى؛ ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە ھەتتا "ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم" دېيىشمۇ جىنايەت بولۇپ قالدى. مائارىپ ۋە تىل ـ يېزىق جەھەتتە، خىتاي كوممۇنىستلىرى 1960 ـ يىللاردىن 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى خىتاي پىنيىن سىستېمىسىدىكى يېزىققا ئۆزگەرتتى. 1990 ـ يىللاردىن باشلاپ، دەسلەپتە

ئالىي مەكتەپلەردە مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا پۈتۈنلەي خىتاي تىلىدا دەرس ئۆتۈشنى يولغا قويۇشقا باشلاپ، بۇ سىياسەتنى بارا ـ بارا مىللىي ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرگىچە كېڭەيتىپ، دەسلۋىدە ئاتالمىش "قوش تىللىق مائارىپ" دېگەن چىرايلىق نام بىلەن ئېلىپ بېرىپ، كېيىن پۈتۈنلەي خىتاي تىلى مائارىپىغا يۆتكەپ، ئەمدىلىكتە مەكتەپلەردە ھەتتا دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئۆز ـ ئارا ئۇيغۇرچە سۆزلىشىشنىمۇ مەنئى قىلدى. 2016 ـ يىلىغا كەلگەندە، بۇ خىل ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش سىياستى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا يول ئېلىپ، مىڭلىغان ئۇيغۇر سەرخىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىليونلىغان قېرىنداشلىرىمىز جازا لاگېرلىرىغا ۋە تۈرمىلەرگە سولاندى؛ يۈزمىڭلىغان قېرىنداشلارىمىز خىتاي ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مەجبۇرى ئەمگەك زاۋۇتلىرىدا قۇل ئورنىدا ئىشلەشكە ئەۋەتىلدى؛ يۈزمىڭلىغان سەبىي بالىلار ئاتا ـ ئانىلىرىدىن ئايرىپ ئېلىنىپ، ياتاقلىق مەكتەپلەردە مەجبۇرى ھالدا خىتاي تىلى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى بىلەن تەربىيىلىنىشكە ئېلىپ كېتىلدى؛ يۈز مىڭلىغان گۇناھسىز قېرىنداشلىرىمىز تۈرمىلەردە شېھىت قىلىندى . . .

شى جىنپىڭ باشچىلىقىدىكى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئۆز ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، ئەسلىدىكى "تەدرىجى" ئاسسىمىلاتسىيە سىياستىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىققا جىددى تۈردە يۈرۈش قىلىشىنى ئاتالمىش خىتاي "2 ـ ئەۋلات مىللەتلەر سىياستى"نىڭ بەرپاچىلىرى بولغان ئىككى خۇنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بۇلار، خىتاي بىرىنچى ئەۋلات مىللەتلەر سىياستىنىڭ كۈچلۈك تەنقىتچىسى، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى پروفېسسورى خۇ ئەنگاڭ بىلەن خىتاي خەلقارا ستراتېگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتى قارمىقىدىكى تېرورىزمغا قارشى تۇرۇش تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى، خىتاي مەركىزى پارتىيە مەكتىپىدە دوكتۇرلۇقنى پۈتتۈرگەن خۇ لىيەنخېدىن ئىبارەت ئىككى خۇ بولۇپ، ئۇلار 2000 ـ يىللاردا بىرلىكتە ئون نەچچە پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ، "2 ـ ئەۋلات مىللەتلەر سىياستى"گە ئاساس سالغان ئىدى. بۇ سىياسەت ئەمەلىيەتتە لىياڭ چىچاۋ ۋە سۇنجوڭسەن تەرىپىدىن بىر ئەسىر بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇلغان "چوڭ بىرلىشىش" سىياستىنىڭ يېڭى تون بىلەن مەيدانغا چىقىشى بولۇپ، بۇ قېتىمقى سىياسەتنىڭ ئاساسلىق نىشانى تىبەت ۋە شەرقىي تۈركىستانغا قارىتىلغان ئىدى. ئىككى خۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ "ئېرىتىش قازىنى" سىياستىنى يولغا قويۇپ، 56 مىللەتنى يۇغۇرۇپ بىر "جوڭخۇا مىللىتى" قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇلار 2011 ـ يىلى ئېلان قىلغان بىر ماقالىسىدا، خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ ھەرقايسى مىللەتلەرگە خاس بولغان بارچە ھوقۇقلارنى بىكار قىلىشنى، "ئاز سانلىق" مىللەتلەر بىلەن خىتايلار توپلۇشۇپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەيتىشنى، كۆچمەنلىكنى ئاسان قىلىشنى ۋە ئاتالمىش "دۆلەت تىلى (يەنى خىتاي تىلى)" نى ئىشلىتىشنى ئومۇملاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان ئىدى.

ئىككى خۇنىڭ بۇ تەشەببۇسلىرى 2014 ـ يىلى 28 ـ سېنتەبىر ئۆتكۈزۈلگەن "مەركىزى مىللەتلەر خىزمەت يىغىنى"دا شى جىنپىڭنىڭ رەسمىي تۈردە قوللىشىغا ئېرىشتى. يىغىن ئىككى خۇنىڭ

تەشەببۇسلىرىنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىپ، مىللەتلەر سىياسىتىدە "يۇغۇرۇلۇش (交融)" دىن ئىبارەت يېڭى سىياسەتنى يولغا قويۇشنى ماقۇللىدى. بۇ يېڭى سىياسەت 2017 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن خىتاي كومپارتىيىسى قۇرۇلتىيىدا "جوڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كۆچلۈك ئورتاق ئېڭىنى بەرپا قىلىش" دېگەن نام بىلەن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا رەسمىي تەرىزدە كىرگۈزۈلدى. بۇ ۋاقىت دەل خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چېن چۈەنگو باشچىلىقىدىكى چوماقچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا جازا لاگېرلىرىنى ئاساس قىلىپ، كەڭ كۆلەملىك ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى رەسمىي باشلىغان ۋاقتى ئىدى، يەنى بىر ئەسىر ئىلگىرىكى خىتاي ئەشەددىي مىللەتچىلىك ئىدولوگىيەسىنىڭ يېڭى ئەسىردىكى داۋامى بولغان "2 ـ ئەۋلات مىللەتلەر سىياسىتى"نىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدە قانلىق يوسۇندا ئىجرا قىلىنىشقا باشلىنىشى ئىدى.

يۇقارقى قىسقىچە تارىخى ئەسلىمىدىن شۇنى خۇلاسلاشقا بولىدۇكى، خىتاي مىللەتچىلىرىنىڭ "چوڭ بىرلىشىش" ئىدولوگىيەسىنىڭ بارلىققا كەلگىنىگە گەرچە بىر ئەسىردىن سەللا ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇ ئىدىيە خىتاي مىللىتى ئىچىدە ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولۇپ، خىتاي كوممۇنىستلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى مىللەتچى ۋە دېموكراتچى خىتايلار ئارىسىدىمۇ ناھايىتى كەڭ بازارغا ئىگە. شۇنىسى ئېنىقكى، ئەگەر بۇ ئىدولوگىيە تۈپتىن بەربات بولمىسا، خىتايلارنىڭ مەيلى قانداق تۈزۈمدىكى ھاكىمىيىتى بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بولغان زېمىن دەۋاسى، ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش ۋە قىرىپ يوقىتىش پىلانى ھەرگىز توختاپ قالمايدۇ. ئەڭ قورقۇنچلىقى شۇكى، بۇ پىلان بىز ۋە بىزنىڭ زېمىنىمىز بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بۇرۇن چىڭ ئىمپېرىيەسى ئىشغالىيىتىدە بولغان قوشنا چېگرا دۆلەتلەر ۋە ئۇ يەردىكى خەلقلەرگىمۇ بېرىپ چېتىلىدۇ ـ بۇنى يېقىنقى مەزگىللەردە خىتاي تورلىرىدا ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان خىتاي زىيالىلىرىنىڭ يازمىلىرى ۋە نۇتۇقلىرىدىن ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇنداق بىر قورقۇنچلۇق پىلانىنىڭ تارىخى كېلىپ چىقىشى ۋە كەلگۈسى ئاقىۋىتىنى ئۆزىمىز ئوبدان بىلىش بىلەنلا قالماي، خەلقارا جەمىيەتكىمۇ بىلدۈرىشىمىز لازىم. بۇ، خەلقارا جەمىيەتنىڭ نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنىڭ ئىدولوگىيەلىك تارىخى ئاساسىنى تونۇپ يېتىشى ۋە شۇ ئارقىلىق مۇستەقىللىقىمىزنىڭ بىزنىڭ مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت قېلىشىمىزدىكى بىردىن ـ بىر چىقىش يولى ئىكەنلىكىمىزنى چۈشىنىپ يېتىپ، بۇ جەھەتتىكى كۆرەشلىرىمىزگە ھېسداشلىق قىلىشى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىمدۇر.


پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. China putting minority Muslims in 'concentration camps,' U.S. says

2. Bill Hayton, “The Invention of China”, Yale University Press (2020) بىل ھەيتون: «خىتاينىڭ بارلىققا كەلتۈرۈلىشى»، يېل ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى، 2020 ـ يىلى نەشرى.

3. What Xi Jinping Learned—And Didn’t Learn—From His Father About Xinjiang

4. Justin Jacobs, “Xinjiang and the Modern Chinese State”, University of Washington Press (2016) جاستىن جەيكوبز، "شىنجاڭ ۋە زامانىمىزدىكى خىتاي دۆلىتى"، ۋاشىڭتون ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى، 2016 ـ يىل نەشرى.



# خاراكتېر بىنورماللىقى ۋە سەلبىي كەيپىياتنىڭ ئەيىشى

# خاراكتېر بنورماللىقىغا دۇچار بولغان كىشىلەردىكى سەلبىي كەيپىياتنىڭ ئەدەپ كېتىش جەريانى

سۇسان كراۋس ۋايتبورن

**سەلبىي ئوي ـ خىياللارنى توختىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش روھىي ساغلاملىققا پايدىلىق.**

**ھالقىلىق نۇقتىلار**

**كەيپىيات تۇراقسىزلىقى تىپىدىكى خاراكتېر بنورماللىقى (emotionally unstable personality disorder) تىوغرىسىدىكى تەتقىقاتلار ئۆتمۈش توغرىسىدا قايتىلىنىشچان خىيالغا چۆكۈشنىڭ جىددىي خاراكتېرلىك كەيپىيات ناچارلىشىشقا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.**

**بىر تۈرلۈك يېڭى تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، كەيپىيات تۇراقسىزلىقى تىپىدىكى خاراكتېر بنورماللىقلا ئەمەس، بەلكى خاراكتېر بنورماللىقىنىڭ ھەممىسىلا «كەيپىياتنىڭ جىددىي ناچارلىشىشى» خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەن.**

**ئۆتمۈش توغرىسىدىكى تەكىسىز ۋە ئىدراكتىن خالىي ئوي ـ خىياللارنى تىزگىنلەش كىشىنى ئۆز كەيپىياتىنى تېخىمۇ ياخشى كونترول قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.**

**بىرەر ئىشتىن ئىچىڭىز پۇشقاندا، شۇ ئىش كاللىڭىزغا كىرىۋېلىپ، سىزنى ئىزچىل بىئارام قىلامدۇ؟ مەسىلەن، سىز «ئالدىكىلەر توغرىسىدا نالايىق چاقچاق قىلىپ قويغان»لىقىڭىز دېگەندەك، قاملاشمىغان بىرەر گەپنى ياكى ئىشنى قىلىپ قويغان ئەھۋاللارنى خىيال ئېكرانىڭىزدا تەكرارلاۋېرەمسىز؟**

**مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللار ھەققىدە خىيال قىلىش ۋە ئەھۋالنىڭ (يۈز بەرگىنىدەك ئەمەس، بەلكى) باشقىچىراق رەۋىشتە يۈز بەرگەن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىش تەبىئىي ئەھۋال، ئەمما بۇ ئىشلارنىڭ كاللىڭىزنى باشقا ئىشلارنى ئويلىيالمىغۇدەك دەرىجىدە ئىسكەنجىگە ئېلىۋېلىشىغا يول قويۇش نورمال ئىش ئەمەس. لوندون جەنۇبىي قىرغاق ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ماركانتونىيو سپادا (Marcantonio M. Spada) ۋە خىزمەتداشلىرىنىڭ يېڭى (2021 ـ يىلىدىكى) تەتقىقاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، كىشى «دىققەتنى**

مەركەزلەشتۈرگەن هالدا، قايتا ـ قايتا ياكى دائىم ئۆزى ۋە ئۆز دۇنياسى ھەققىدە ئويلانغان»دا، «قايتىلىنىشچان سەلبىي خىيال» (repetitive negative thinking) جەريانى شەكىللىنىدىكەن.

«قايتىلىنىشچان سەلبىي خىيال»نىڭ ھەسرەت ۋە تەشۋىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكلى بار. بۇ ئىككىسىنىڭ زېھنىڭىزنى ئىگىلىۋېلىشى كاللىڭىزدا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش، ئەستە تۇتۇش، مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇرۇنۇشى قاتارلىق باشقا تەپەككۇر جەريانلىرىغا، ھەتتا مەقسەتلىك ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئىستىكىگە قالغان بوشلۇقنىڭ تارىيىپ كېتىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، سىز قانچىكى «قايتىلىنىشچان سەلبىي خىيال»نىڭ ئىسكەنجىسىدە قالسىڭىز، كۈندىلىك ھاياتىڭىزنى بۇ خىل روھىي ئېنېرگىيەلەرنىڭ سەلبىي تەسىرىگە ئۇچراتماسلىق ئىقتىدارىڭىز شۇنچە ئاجىزلايدۇ. لوندون جەنۇبىي قىرغاق ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تەتقىقاتچىلار يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «ھەسرەت» بىلەن «تەشۋىش»نى پەرقلەندۈرۈشتە، ھەسرەت «ئۆتمۈش توغرىسىدا سەلبىي خىيال قىلىش»نى، تەشۋىش بولسا «كەلگۈسى توغرىسىدىكى سەلبىي خىيال ۋە كۈتۈش»نى كۆرسىتىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن.

### كەيپىيات بىنورماللىقىغا گىرىپتار بولغان كىشىلەرنىڭ كەيپىياتى تۇيۇقسىز ناچارلاشقاندا

كۆرۈپ ئۆتكىنىڭىزدەك، «قايتىلىنىشچان سەلبىي خىيال» كۆڭۈلسىز ئەھۋاللارغا قارىتا چېكىدىن ئاشقان ماسلىشالماسلىقنىڭ مەھسۇلىدۇر. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان، سىپادا قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات، كەيپىيات تۇراقسىزلىقى تىپىدىكى خاراكتېر بىنورماللىقىغا گىرىپتار بولغانلارنى ئوبيېكت قىلغان بولۇپ، مەزكۇر تەتقىقاتتا ئۇلارنىڭ غەزەپ، كىشىلىك مۇناسىۋەت، تىت ـ تىتلىق ۋە بېسىم دېگەندەك دەرتمەنلىك ۋە ھەسرەت قاتارلىق «قايتىلىنىشچان سەلبىي خىيال»غا ئاسانلا مۇپتىلا بولىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان. ئەمەلىيەتتە، بەزى تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، كۈتكەننىڭ ئەكسىچە نەتىجە بېرىدىغان بۇ خىل تەپەككۇر جەريانى قايغۇ ـ ھەسرەت، غەزەپ ۋە ئومۇمىيۈزلۈك سەلبىي كەيپىياتلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى كىشىدىكى «كەيپىيات تۇراقسىزلىقى تىپىدىكى خاراكتېر بىنورماللىقى»نىڭ ئالامەتلىرىنىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسىگىمۇ دالالەت قىلىدىكەن.

ھەسرەتلىك خىيال ۋە «كەيپىيات تۇراقسىزلىقى تىپىدىكى خاراكتېر بىنورماللىقى» توغرىسىدىكى ئىسپاتلار «جىددىي خاراكتېرلىك كەيپىيات ناچارلىششى ئەندىزىسى»نى (Emotional Cascade Model) ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن بولۇپ، مەزكۇر ئەندىزىدە، شەخس سەلبىي كەيپىياتقا سەۋەب بولىدىغان ۋەقە (مەسىلەن، جۆرىسى بىلەن تاكاللىشىپ قېلىش)نى باشتىن كەچۈرىدۇ ۋە زادى نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭقىرىش مەقسىتىدە، شۇنداقلا ھەسرەت ئىلكىدە، مەزكۇر ۋەقەنى كاللىسىدا تەكرار زاھىرلاندۇرىدۇ.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۆتمۈشتىكى ھادىسە توغرىسىدىكى بۇ خىل تەكرار ئويلىنىش «كۆتكەنىنىڭ ئەكسىچە نەتىجە بېرىپ، ئازابنى ئېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ» ـ دە، بۇ خىل ئازاب ئۆز نۆۋىتىدە «ئازابتىن قېچىش ياكى قۇتۇلۇش» مەقسىتىدىكى، ئۆز ـ ئۆزىنى زەخىملەندۈرۈش ياكى قالايمىقان دورا (زەھەر ۋەھاكازا) ئىشلىتىش قاتارلىق ھاياجانلىق قىلمىشلارغا سەۋەب بولىدۇ. سەلبىي كەچمىشنىڭ خەتەرلىك قىلمىشقا سەۋەب بولۇش جەريانى يەنە ھەددىدىن زىيادە كۆپ يەپ ـ ئىچىش دېگەندەك بىنورمال قىلمىشلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن.

«كەيپىيات تۇراقسىزلىقى تىپىدىكى خاراكتېر بىنورماللىقى»غا گىرىپتار بولغان كىشىلەرنىڭ ئۆتمۈش توغرىسىدىكى ھەسرىتىدىن سىرت، ئۆزىنىڭ تەپەككۇر جەريانى توغرىسىدىمۇ مۇئەييەن چۈشەنچىلەرگە ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم. ئەگەر سىز ئۆتمۈش توغرىسىدا تەكرار ـ تەكرار ئويلىنىشنى ئۆز پىكرىڭىزنى چۈشىنىشىڭىزگە ياردەم بېرىدىغان ياخشى ئىش دەپ قارىسىڭىز، سىز تەبىئىي ھالدا مۇشۇ خىل پىسخىكىلىق پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا مايىل بولۇپ قالىسىز. بۇنىڭدىن سىرت، ئەگەر سىز «مەن خىياللىرىمنى تىزگىنلىيەلمەيمەن ۋە شۇ سەۋەبلىك، (ئۆتمۈشتىكى سەۋەنلىك توغرىسىدىكى) بۇ خىياللارنىڭ كۆتكەنىنىڭ ئەكسىچە نەتىجە بېرىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى توختىتىشتىن ئاجىزمەن» دەپ قارىسىڭىز، ئۇنداقتا سىز شۇ خىيالنىڭ سەلبىي تەسىرىدىن ھالقىغان ئېغىر كۆلپەتلەرگە دۇچار بولىسىز.

(سىپادا قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان) مەزكۇر تەتقىقات گۇرۇپپىسى ئىلگىرىكى ئالاقىدار ئىلمىي ماتېرىياللارنى كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا، مەزكۇر تەتقىقاتلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ «كەيپىيات تۇراقسىزلىقى تىپىدىكى خاراكتېر بىنورماللىقى»غا گىرىپتار بولغان كىشىلەرنى ئەمەس، بەلكى (خاراكتېر جەھەتتە نورمال بولغان) ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئوبيېكت قىلغانلىقىنى بايقىغان. بۇنىڭدىن سىرت، ئىلگىرىكى تەتقىقاتلار باشقا خىل خاراكتېر بىنورماللىقىغا گىرىپتار بولغان كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان، شۇنداقلا باغلىنىشچانلىق مېتودىدىنمۇ (غەيرىي تەجرىبە خاراكتېرلىك تەتقىقات مېتودى بولۇپ، مەزكۇر مېتودتا تەتقىقاتچىلار ئىككى خىل ئۆزگەرگۈچى مىقدارنى ئۆلچەپ، باشقا تاسادىپىي ئۆزگەرگۈچى مىقدار (extraneous variable)نى نەزەردىن ساقىت قىلغان ھالدا، مەزكۇر ئىككى ئۆزگەرگۈچى مىقدار ئارىسىدىكى ستاتىستىكىلىق باغلىنىشنى چۈشىنىشكە ۋە مۆلچەرلەشكە ئۇرۇنىدۇ، ئەمما بۇ خىل مېتودتا بۇ ئىككى ئۆزگەرگۈچى مىقدار ئارىسىدىكى سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىنى كونكرېت يەكۈنلەپ چىققىلى بولمايدۇ، ت) ھالقىپ كېتەلمىگەن. سىپادا قاتارلىق تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، ئۆز مەپتۇنلۇقى ۋە ئىجتىمائىيلىقنى يەكلەيدىغان خاراكتېر بىنورماللىقىغا (antisocial personality disorder) گىرىپتار بولغان كىشىلەرمۇ سەلبىي كىشىلىك مۇناسىۋەت ھادىسىلىرىگە دۇچ كەلگەندىن كېيىن، مۇشۇ خىل ئۇنۇمسىز تەپەككۇر ئەندىزىسىنىڭ ئىسكەنجىسىدە قېلىپ، ئويلانماستىنلا ناباب قىلمىشلارنى سادىر قىلىپ قويۇشى مۇمكىن.

سپادا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى خاراكتېر بىنورماللىقىغا (personality disorder) دۇچار بولغان دەپ دىئاگنوز قويۇلغان 186 كىشى بىلەن خاراكتېر بىنورماللىقىغا دۇچار بولمىغان 372 كىشىنى (بۇ ئىككى گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 37 دۇر) سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۆتمۈش توغرىسىدىكى ھەسرەت، تەشۋىش، تۆپكى تونۇش (metacognition ـ تونۇش سۇبيېكتىنىڭ ئۆزىنىڭ تونۇش پائالىيىتى توغرىسىدىكى بىلىمى ۋە چۈشەنچىسىنى كۆرسىتىدۇ، ت) ۋە ئازابنىڭ ئاچقۇچلۇق ئۆلچەملىرىدە گۇرۇپپا پەرقى بار ـ يوقلۇقىنى ئېنىقلاشقا ئۇرۇنغان. خاراكتېر بىنورماللىقىغا دۇچار بولغان مەزكۇر 186 كىشىنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ كۆرۈلگەن ئۈچ تۈرلۈك خاراكتېر بىنورماللىقى (1) «كەيپىيات تۇراقسىزلىقى تىپىدىكى خاراكتېر بىنورماللىقى» (26 پىرسەنت)؛ (2) ئۆزىنى ئەيپچىش تىپىدىكى خاراكتېر بىنورماللىقى (23 پىرسەنت)؛ (3) تىتىلداش تىپىدىكى خاراكتېر بىنورماللىقى (18 پىرسەنت)دىن ئىبارەت ئىدى.

سىز تۆۋەندە كۆرستىلگەن، سپادا ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان خاراكتېر بىنورماللىقىغا دۇچار بولغان ۋە بولمىغان ئىككى گۇرۇپپىدىكىلەرگە قوللانغان سىناق ئۆلچەملىرى ئارقىلىق ئۆزىڭىزنى تەكشۈرۈپ باقسىڭىز بولىدۇ.

تەشۋىش: «مەن مەلۇم بىر ئىشنى تۆگەتكەن ھامان، باشقا ئىشلار توغرىسىدا غەم قىلىشقا باشلايمەن».

ھەسرەت (دەرىجىسى «زىنهار»دىن «ھەردائىم»غىچە): «ئۆزىڭىزنى قانچىلىك تەنها ھېس قىلىدىغانلىقىڭىزنى ئويلاپ بېقىڭ»، «ئۆز ـ ئۆزىڭىزگە قانچىلىك غەزەپلىنىۋاتقانلىقىڭىزنى ئويلاڭ».

تۆپكى تونۇش: «تەشۋىش مېنىڭ كەلگۈسىدىكى مەسىلىلەردىن ساقلىنىشىمغا ياردەم بېرىدۇ»، «مەن تەشۋىشلىك خىياللىرىمنى نەزەردىن ساقىت قىلالمايمەن».

مەزكۇر تەتقىقاتچىلار يەنە بۇ سىناققا قاتناشقانلارغا «مەن چىدىيالمىغۇدەك دەرىجىدە بىئارام بولۇپ كېتىۋاتىمەن» دېگەندەك تۈرلەردە ئۆز ـ ئۆزىگە (بىئاراملىقىنىڭ دەرىجىسى توغرىسىدا) نومۇر قويغۇزغان.

تەتقىقاتچىلارنىڭ مۆلچەرلىگىنىدەك، خاراكتېر بىنورماللىقىغا گىرىپتار بولغانلارنىڭ (ئۆتمۈشكە ئالاقىدار) ھەسرەت ۋە (كەلگۈسىگە ئالاقىدار) تەشۋىش، شۇنداقلا تىت ـ تىتلىق ۋە چۈشكۈنلۈك جەھەتلەردە ئالغان نومۇرى، خاراكتېر بىنورماللىقىغا دۇچار بولمىغان كىشىلەرگە قارىغاندا يۇقىرى (يەنى دەرىجىسى ئېغىر) بولغان. بۇنىڭدىن سىرت، «ھەسرەت»نىڭ دەرىجىسىنى كۆرسىتىدىغان نومۇر، خاراكتېر بىنورماللىقىنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسى بىلەن ئوڭ تاناسىپ تۈزگەن. يەنى كىشىدە خاراكتېر

**بنورماللىقىنىڭ ئالامەتلىرى قانچە كۆپ بولسا، ئۇنىڭ «ئۆتمۈشتىن ھەسرەتلىنىش» تۈرىدىكى نومۇرىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولغان.**

**ئەمما، شۇنىمۇ ئەستە تۇتۇش كېرەككى، بۇ ساھەدىكى باشقا تەتقىقاتلارغا ئوخشاشلا، مەزكۇر سىناقتىن كېيىن، (بۇ سىناقتا قاتناشقانلارغا قارىتا) ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىغاچقا، بۇ جەھەتتىكى ھەقىقىي سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىنى تېپىپ چىقىش مۇمكىن بولمىغان. لېكىن، «جىددىي خاراكتېرلىك كەيپىيات ناچارلىشىش»قا نېمىنىڭ سەۋەب بولغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خاراكتېر بنورماللىقىغا دۇچار بولغان كىشىلەر ئۆزلىرى تىزگىنلەشكە ئامالسىز دەپ قارايدىغان سەلبىي خىياللارغا كىرىشىپ قالىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ سىجىل ۋە بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىدىغان «قايتىلىنىشچان ئازاب»قا دۇچار بولىدىغانلىقى مۇقەررەردۇر.**

**ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا «جىددىي خاراكتېرلىك كەيپىيات ناچارلىشىش»قا خاتىمە بەرگىلى بولىدۇ؟**

**سىزنىڭ خاراكتېر بنورماللىقىغا دۇچار بولغان ـ بولمىغانلىقىڭىزدىن قەتئىينەزەر، مەزكۇر تەتقىقات گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئېرىشكەن يەكۈن سىزنىڭ ئۆتمۈش توغرىسىدىكى قايتىلىنىشچان ھەسرەتلىك خىياللىرىڭىزنى نېمىشقا توختىتالمايدىغانلىقىڭىز ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بېرەلەيدۇ. تۇنجى قەدەمدە، سىز ئۆزىڭىزنىڭ قانداق ۋاقىتتا «ئۆتمۈشتىكى مەلۇم بىر قېتىملىق ناباب چاقچىقىڭىز» دېگەنگە ئوخشاش «خاتالىق»لىرىڭىزنى خىيال ئېكرانىڭىزدا تەكرار ـ تەكرار زاھىرلاندۇرىدىغانلىقىڭىزنى بايقاشقا تىرىشىپ باقسىڭىز بولىدۇ. ئىككىنچى قەدەمدە، «ئاشۇ ئەھۋال توغرىسىدا تەكرار ـ تەكرار ئويلىنىشنىڭ مەن ئۈچۈن بىرەر پايدىسى بارمۇ؟ بۇ خىل قايتىلىنىشچان خىياللار كەيپىياتىمنى ياخشىلامدۇ ياكى بارغانسېرى ناچارلاشتۇرۇۋېتەمدۇ؟» دېگەن سوئال توغرىسىدا ئويلىنىپ بېقىڭ.**


**ئەگەر ئەتراپىڭىزدا خاراكتېر بنورماللىقىغا دۇچار بولغان كىشىلەر بولسا ياكى ئۆزىڭىزدە مەلۇم بىر خىل خاراكتېر بنورماللىقى بار بولسا، سپادا قاتارلىق تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى ھاياتىڭىزغا تېخىمۇ كۆپ ئىجابىي تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. مەزكۇر تەتقىقاتچىلار كىشىلەرنىڭ «ئۆز خىياللىرىنى تىزگىنلىيەلمەسلىك»تىن مەنبەلەنگەن سىجىل ھەسرىتى ۋە تەشۋىشىنى بايقاش ۋە توختىتىشقا مەركەزلەشكەن داۋالاش ئۇسۇلى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.**

**خۇلاسىلىگەندە، قايتىلىنىشچان سەلبىي خىيال ۋە خاراكتېر بنورماللىقى توغرىسىدىكى مەزكۇر تەتقىقاتتا كەيپىيات بىلەن ئوي ـ خىيالنىڭ ئۆزئارا قانداق تەسىرلىشىدىغانلىقى ھەمدە شۇ ئارقىلىق كىشىنىڭ تىت ـ تىتلىقى ۋە چۈشكۈنلىكىنى ئەدىتىۋېتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۆزگىچە يەكۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. سىز بۇ خىل ناچار ئايلىنىشنىڭ ئىسكەنجىسىدە قېلىشنىڭ ئورنىغا، ئۆز خىياللىرىڭىزنى تىزگىنلەپ، ئۇلارنى ھاياتىڭىزنى تېخىمۇ ئۇنۇملۇق ۋە مول مەزمۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتەلەيسىز.**

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://www.psychologytoday.com/intl/blog/fulfillment-any-age/202109/how-emotions-go-downhill-in-people-personality-disorders


مسلسز ئويغىنىش
جىنايەتلەر كەچۈرۈلمەيدۇ
جەۋلان ئۇيغۇر

# جىنايەتلەر كەچۈرۈلمەيدۇ

**جەۋلان ئۇيغۇر**

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، يەھۇدىي قىرغىنچىلىقىغا ئالاقىسى بار جىنايەتچىلەرنىڭ بىر قىسمى نيۇرنبورگ سوتىدا سوتلىنىپ، ئۇلارغا جازا ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، يەنە ئۈچ مىڭدەك جىنايەتچى يىگىرمىدەك دۆلەتكە قېچىپ كەتكەن بولۇپ، بەزى دۆلەتلەر ئۇلارنى دۆلەت تەۋەلىكىگىمۇ قوبۇل قىلىپ بولغان ئىكەن. ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىسرائىلىيە بىخەتەرلىك ئىدارىسى جىنايەتچىلەرنى قوغلاپ تۇتۇش ھەرىكىتىنى قوزغىغان، بۇ ھەرىكەتكە ئامېرىكا تەشكىلاتلارمۇ ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، «ئاخىرقى جىنايەتچىنى قولغا چۈشۈرۈش» ھەرىكىتى باشلانغان، يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىگۈچىلەرگە مۇكاپات تەسىس قىلىنغان. بۇ ھەرىكەت ئەللىك يىلدىن ئارتۇقراق داۋاملاشقان. قولغا چۈشكەن Josef ئىسىملىك بىر جىنايەتچى يۈز ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ گۇناھى يىغىۋېلىش لاگېرىدا ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ساقچى بولغانلىقى ئىدى ھەمدە شۇ جەرياندا ئاشۇ لاگېردا ئۈچ يېرىم مىڭ ئادەم ئۆلگەنىدى.

بۇ ھەرىكەتنىڭ توختىماي داۋاملىشىشى قارا تىزىملىكتىكى بارلىق كىشىلەرنى بىر ئۆمۈر ئارامىدا قويمىغان، ئۇلار ئاللىكىملەرنىڭ ئىشىكنى چېكىشىدىن ئەنسىرەپلا ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ بىر ئۆمۈر روھى ئازاب ئىچىدە ئۆتكەنلىكىگە ھېسداشلىق قىلغۇچىلار ئىسرائىلىيەدىن بۇ ھەرىكەتنى توختىتىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئايرىم گۇرۇپپىلار ھەرىكەتنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان.

بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلار 2021 ـ يىلى12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى جاللات چېن چۈەنگونىڭ ئالماشقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدۇق، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ شۆھرەت زاكىر ۋە ئەركىن تۇنىيازغا جازا ئېلان قىلغانلىقى ئېلان قىلىنغانىدى. مەيلى چېن چۈەنگو دېگەن خىتاي نەگە يوقالسۇن، ئۇ «جىنايەتچى»لىك سالاھىيىتىدىن ھەرگىز قۇتۇلالمايدۇ. شى جىنپىڭ ۋە چېن چۈەنگو قاتارلىقلار ئەڭ نەپرەتلىك جىنايەتچىلەر تىزىملىكىگە يېزىلدى. بىزمۇ ئۇلارنىڭ جىنايەتلىرىنى بالىسىدىن بالىسىغىچە ئېسىگە سېلىپ تۇرىمىز،

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئىككى يىلدىن بۇيان بىر قانچە خىتاي ئەمەلدارلىرىغا جازا ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئۇيغۇر ئەمەلدارلارغا جازا ئېلان قىلمىغان ئىدى، بۇنى بەزىلىرىمىز، ئۇيغۇر ئەمەلدارلار قورچاق، ئۇلاردا ھوقۇق يوق، خىتاي نېمە دېسە قىلماي ئىلاجى يوق دەپ چۈشەنگەن ئىدۇق. ئەمەلىيەتتە ھەر قانداق تاجاۋۇزچىلار قورچاق قوشۇننى ئالدىغا سېلىپ، توپ يېمى قىلغاندەك، خىتايمۇ نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنى

ئالدىغا سىلجىپ، جىنايەتلىرىگە شېرىك قىلماقتا، بۇ قېتىم شۆھرەت زاكىر بىلەن ئەركىن تۇنىيازغا جازا ئېلان قىلىنغانلىقى جىنايەتلەرگە شېرىك بولۇۋاتقان ئۇيغۇر- قازاق قاتارلىقلار ئۈچۈنمۇ تېگىشلىك سىگنالدۇر. ھالبۇكى، بۇ پەقەت ئىشنىڭ باشلىنىشىدۇر، كۈننىڭ ئون بەشى يورۇق، ئون بەشى قاراڭغۇ، جازا بالدۇر ياكى كېيىن بولۇشى مۇمكىن - يۇ، لېكىن كەم بولۇشىدىن، ۋەتەن ئىچىدە ياكى ۋەتەن سىرتىدا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر جىنايەت چوقۇم سۈرۈشتۈرۈلىدۇ ۋە سۈرۈشتۈرۈلۈشى كېرەك.

چېن چۈەنگونىڭ ئالمىشىش سەۋەبى ۋە بۇندىن كېيىنكى شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى ھەققىدە كۆپلىگەن پەرەزلەر ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىدۇ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئارقا- ئارقىدىن ئۇيغۇرلارغا ئالاقىدار قانۇنلارنى چىقارغانلىقى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە ئېخمۇ كۆپ دۆلەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئەگىشىشىنىڭ خىتايغا ئېلىپ كېلىدىغان زور بېسىمى، ئۇيغۇر سوت ھۆكۈمىنىڭ تەسىرىنىڭ كېڭىيىش ئېھتىماللىقى سەۋەبلىك، ئەمدى شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ دېگەندەك پەرەزلەر ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىدۇ، بىر قىسىم ئۇيغۇرلىرىمىزدىمۇ بۇنداق ئىدىيە تۇغۇلغان بولۇشى مۇمكىن، بۇلارنىڭ ئارىسىدا، ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرى ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن قار - مۇز دېمەي، يىللاپ نامايىش قىلىۋاتقان، گۇۋاھلىق بېرىۋاتقان ئىنسانلار بولۇشى مۇمكىن، ئۇلار ئۆز ئەجرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ، يەنە بىر قىسمى بولسا يىللاردىن بۇيان ئۇۋىسىدىن چىقماي ماراپ ياتقانلار بولۇپ، ۋەتەنگە بېرىپ ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپ كېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنلەردۇر. يەنە بەزىلەردە سىياسەت ئۆزگىرىشى بىلەن ئامېرىكانىڭ خىتايغا بولغان بېسىمى ئۆزگىرىپ قالارمۇ؟ دېگەن ئەندىشىمۇ يوق ئەمەس.

خىتاينىڭ نىشانى دۇنياغا ئايان بولۇپ بولدى، ئۇلارنىڭ ئاداققى نىشانى بويسۇنماس ئۇيغۇر خەلقىنى يوقىتىپ، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق دەۋاسىدىن بىراقلا قۇتۇلۇپ خاتىرجەم بولۇشتۇر. قىزىل خىتاي ئىشغالىيىتىدىن كېيىن، جاللات ۋاڭ جېندىن - جاللات چېن چۈەنگوغىچە ئۆتكەن جاللاتلار شۇ نىشاننى كۆزلەپ خىزمەت قىلىپ كەلدى، ئۇلار قاتتىق قىرغىن قىلىش بىلەن غەپلەتتە قالدۇرۇش ئۇسۇلىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىپ كەلدى، لېكىن ئىسكەنجىنى بارغانسېرى چىڭىتىپ بىزنى يوقىلىش گىردابىغا قىستىدى . ھەر بىر جىنايەتچى ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن ئالماشتۇرۇلدى. ھەر قېتىمدا مەلۇم ساندا ئادەملەر يېڭى كەلگەن خىتايدىن سەبىيلىك بىلەن ئازدۇر - كۆپتۇر ئۈمىد (ھەتتا ئىنساپ) كۈتۈشتى، لېكىن قىسمىتىمىز بارغانسېرى ئېچىنىشلىق بولدى.

چېن چۈەنگو ئۆتكەن بەش يىلدا تارىختىكى ئەڭ چوڭ جىنايەتنى سادىر قىلدى، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتى چېن چۈەنگودا ئىدى، 2021- يىلىدىن باشلاپ قەيسەر لاگېر شاھىتلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نۇرغۇنلىغان «مۇتلەق مەخپىي» ھۆججەتلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىشى، دۇنيادىكى بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن جىنايەت پەردىسى ئاستا - ئاستا ئېچىلىپ، دىققەت شى جىنپىڭغا مەركەزلىششكە باشلىدى. يەنى چېن چۈەنگو قاتارلىقلار مەركىزىي نۇقتا بولماي قالدى، باش جىنايەتچى شى جىنپىڭنى سوتلاش سادالىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى، بۇ چوڭ بۇرۇلۇش بولۇپ، شى

جىنپىڭنىڭ جىنايەتچى دەپ ئېتراپ قىلىنىشى يالغۇز شى جىنپىڭ ئۈچۈنلا ئەمەس، بىر پۈتۈن ختاي هۆكۈمىتىنىڭ ئوبرازى ئۈچۈنمۇ قاتتىق زەربە بولاتتى. هالبۇكى، بۇنداق ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىشى ختايغا پايدىسىز بولغاچقا، جامائەت پىكرىنى ئازراق بولسىمۇ بۇراشقا توغرا كېلىپ، يېڭى رول ئالغۇچى ۋە يېڭىچە ئۇسۇلغا ئېهتىياج تۇغۇلدى. لېكىن، شۇنىسى ئېسىمىزدە بولۇشى كېرەككى، بۇ قېتىملىق ئالمىشىشمۇ بىزگە هېچ ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ، شەكىل ئۆزگەرسىمۇ، ماهىيەت ئۆزگەرمەيدۇ.

شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپ ئۆتكەن جاللاتلار ختاي مىللەتچىلىرى ئۈچۈن «تۆهپە» كۆرسەتكەنلەر بولغىنى ئۈچۈن هېچقايسىسى جازالانمىدى، ھەتتا بۇلارنىڭ «سەركىسى» ۋاڭ جېنغا مۇئاۋىن باش مىنىستىر، مۇئاۋىن دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ دائىمىي ھەيئىتى دېگەندەك ختاينىڭ سىياسىي پىرامىداسىدىكى ئەڭ يۇقىرى مەنسەپلەر بېرىلدى. چۈنكى، بۇلارنى جازالاش ختاينىڭ ئۆز جىنايەتلىرىنى ئېتراپ قىلغانلىق بولاتتى، خاتالىق ئېتراپ قىلىنسا تۈزىتىشكە توغرا كېلەتتى. ئەمما، ختاي ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا ھەرگىز يول قويمايتتى.

ما شىڭرۇينىڭ 12 ـ ئاينىڭ26 ـ كۈنى يەنى ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ 2 ـ كۈنى بەرگەن دوكلاتىدا ئاز بولغاندا مۇنداق ئۈچ مەقسەت بار: بىرىنچىسى، مەركەزنىڭ سىياسىتىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى جار سېلىش، ئىككىنچىسى، ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى ئىجرا قىلىشقان جىنايەتچىلەرنىڭ ۋە قانۇنسىز ختاي كۆچمەنلىرىنىڭ پاراكەندە بولماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىش، ئۈچىنچىسى، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنى بالدۇر خوش بولۇپ كەتمەسلىك توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش.

بىزدە شۇنچە قانلىق پاكىتلار تۇرسىمۇ، يەنىلا ختاي ھۆكۈمىتىدىن ئۈمىد كۈتىدىغان، ئازغىنە مەنپەئەت ئۈچۈن ۋىجدانىنى ساتىدىغان ئادەملەر ھېلىھەم بار.

2012 ـ يىلى ختايغا بېرىپ ـ كېلىش كۆچەيگەن چاغلاردا، ئاتالمىش «ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىكسەپ بۆلۈمى» يىللاردىن بۇيان چەتئەللەردە ختايلار بىلەن بىللە پائالىيەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، شۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن بولغان «ۋەتەنپەرۋەر مۇهاجىرلار»دىن ئوندىن ئارتۇق ئادەمنى يىغىپ «سۆھبەت يىغىنى» ئورۇنلاشتۇرغان ۋە بۇلارنى بېيجىڭغىچە ئاپىرىپ ھەقسىز ساياھەت قىلدۇرۇپ كەلگەنىدى. بۇ ئادەملەر ئاخىرىدا كوللېكتىپ نامىدىن 19 ماددىلىق چاقىرىقنامە يېزىپ تاپشۇرغان، ئۇنىڭدا «ۋەتەنپەرۋەر مۇھاجىر»لارنىڭ «ۋەتەن»نىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغدايدىغانلىقى، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقى قاتارلىق بىر قاتار رادىكال گەپلەردىن باشقا 14 ـ ماددىسىدا: ئۆزلىرىنىڭ ختاي تاموژنىسىدىن ئۆتكەندە بىر ئاز ئاۋارە قىلىنغانلىقى، ھۆكۈمەتنىڭ ۋەتەنپەرۋەر مۇھاجىرلارغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىمۇ قەيت قىلىنغانىدى. مەنچە، مۇشۇنداقلار پۇرسەت تاپسىلا يەنە تىرىلىدۇ ۋە ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولغانلىقىنىڭ ئىسپاتى قىلىنىپ تەشۋىق قىلىنىدۇ. بۇنداق ئالدامچىلىقلار ئالدىدا ئارىسالدى بولۇش بۆگۈنكى ۋەزىيىتىمىزدە زور خاتالىق بولىدۇ، بىز دۇنيا

ۋەزىيەتتىن ئۈمىدسىزلەنمەسلىكىمىز لازىم، ئامېرىكا ـ خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ بارغانسېرى يامانلىشىشى ئۇيغۇرغا ئەمەس،ئۇيغۇر مەسلىسى ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتىگە ماس كېلىپ قالدى، خىتايغا قارشى ئۇنىۋېرسال بېسىم قىلىشتىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىگە ئايلاندى، خىتاي دۇنياغا مەيلى تېخىمۇ قاتتىق بولسۇن ياكى يۇمشاق بولسۇن ، ئامېرىكا ۋە غەرب دۆلەتلىرى سوغۇقتا قالغان بۇ يىلاننى ئەمدى ئالدىراپ قوينىغا سالمايدۇ. بۇ نۇقتىن ئېيتقاندا، مەزكۇر زىددىيەت نىسبەتەن ئۇزاق داۋاملىششى ۋە بارغانسېرى كەسكىنلىششى مۇمكىن. بىزگە يەنە پۇرسەتلەر بار، شۇ پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق كېرەك.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 12 ـ ئاينىڭ24 ـ كۈنى تەستىقلىغان مەجبۇريي ئەمگەككە چېتىشلىق مەھسۇلاتلارنى چەكلەش قانۇنىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ئىنتايىن چوڭ، خىتاينىڭ تاشقى پېرىۋوتىنىڭ زور قىسمى يېنىك سانائەتتىن كېلىدۇ، خىتاينىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىدە شەرقىي تۈركىستاندىن كېلىدىغان پاختا %90 نى ئىگىلەيدۇ. شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان مەلۇم بىر مەھسۇلاتنىڭ پۈتۈپ چىقىشىدىكى بىر قاتار ھالقىلارنىڭ بىرەرسى مەجبۇريي ئەمگەككە چېتىلسىلا، شۇ مەھسۇلات چەكلىنىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ھازىر مەجبۇريي ئەمگەك كۆپ كىرىستاللىق كىرېمنى، ئېلېكتىر سايمانلىرى، يېمەك ـ ئىچمەك، ئويۇنچۇق، گىرىم بۇيۇملىرى ساھەسىدە، ئىچكى ئەزالار سودىسىدىن بىئولوگىيە ساھەسىگىچە مەۋجۇت بولۇپ، بىز تېخى بىلىپ يەتمىگەن نۇرغۇنلىغان ساھەلەرگە چېتىشلىق بولۇشى مۇمكىن. دېمەك، خىتاي مەجبۇريي ئەمگەكتىن ئالىدىغان پايدا، بارغانسېرى خىتاينىڭ ساھەلەر بويىچە تارتىدىغان زىيىنىنى قاپلىيالمايدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلارنى بۇ ساھەلەردىن بوشىتىپ، قىسمەن دەرىجىدە تەڭشىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن، بۇ پەقەت خىتاي كارخانىلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈنلا بولىدۇ، قۇللۇق ئەمگەك تېخىمۇ يوشۇرۇن، «قېنىنى چىقارماي جېنىنى ئالىدىغان» ساھەلەرگە يۆتكىلىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ۋەتەنداشلارنىڭ يۈزەكى ئۆزگىرىشلەرگە قاراپلا خاتا تۇيغۇغا كېلىپ قالماي، چوڭ ۋەزىيەتنى تېخىمۇ ئىنچىكە كۆزىتىپ، سالماق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىمەن. جىنايەتلەر ئۇنداق ئوڭايلا كەچۈرۈلمەسلىكى لازىم.



# ئاسىيادىكى ئۆزگىچە دۆلەت

# سىنگاپور

# ئاسيادىكى ئۆزگىچە دۆلەت — سىنگاپور

**سىنگاپورنىڭ ئاجايىباتلىرىغا نەزەر — ئىنتىزامچانلىقتىن ۋۇجۇدقا چىققان ئۇتۇق ھېكايىسى**

دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر ۋە شۇلارنىڭ خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ماددىي، مەنىۋى جەھەتتىكى قاششاقلىقىنى زېمىنىنىڭ كىچىكلىكى، تەبىئىي بايلىقلارنىڭ كەمچىللىكى، كىلىماتىنىڭ پەۋقۇلئاددە سوغۇقلۇقى ياكى ئىسسىقلىقى دېگەندەك ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان تاشقى ئامىللارغا باغلاپ قويىدۇ.

ھالبۇكى، ئىنسانىنىڭ ئىرادىسىدىن ھالقىغان بۇ چەكلىمىلەرگە قارىماستىن، ماددىي، مەنىۋى ھالقىشلارنى روياپقا چىقارغىلى بولىدىغانلىقى دۇنيادىكى بىر قانچىلىغان دۆلەتلەر تەرىپىدىن تەكرار ئىسپاتلانغان.

مەسىلەن، دۇنيادا شۇنداق بىر دۆلەت باركى، يەر كۆلىمى ئارانلا 728.3 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، دۆلەت زېمىنىدىكى بىر ـ بىرىگە ئەڭ يىراق ئىككى نۇقتىنىڭ ئارىلىقى ئارانلا 49 كىلومېتىر.

ئۇلارنىڭ ئېتىزى يوق دېيەرلىك، بارلىق ئاشلىق مەھسۇلاتلىرىنى، ھەتتا باشقا تەبىئىي مەھسۇلاتلارنىڭمۇ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئىمپورت قىلىدۇ. نېفىت ۋە كان بايلىقلىرى دېگەنلەردىنمۇ ئاساسەن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ دۆلەتنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئۇلار «ئىش بېجىرىش قولايلىقلىقى» كۆرسەتكۈچى جەھەتتىمۇ، دۇنيادا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئۇلارنىڭ پاسپورتى ياپونىيەنىڭكىدىن قالسىلا، دۇنيا بويىچە ئىككىنچى كۈچلۈك (يەنى ۋىزىسىز، بىۋاستە پاسپورت ئارقىلىق بارالايدىغان دۆلىتى ئەڭ كۆپ) پاسپورتتۇر.

شۇنداقلا، ئۇلار «چىرىكلىك ئەڭ ئاز دۆلەتلەر» ئىچىدە ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

سۆزى بولۇنۇۋاتقان مەزكۇر دۆلەت ئۇشبۇ ماقالىمىزنىڭ «باش پېرسوناژى» بولمىش سىنگاپوردۇر.

بىز بۈگۈن بۇ ماقالىدە سىنگاپورنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ تەبىئىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە قارىماستىن، بۈگۈنكىدەك ئىقتىسادىي ۋە كۈلتۈرەل ئۇتۇقلارنى ۋۇجۇدقا

چىقىرالىشىدىكى ئەڭ تۆپ سەۋەبلەردىن بىرى بولغان — ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن ئىجرائاتى جەھەتتىكى قەتئىيلىكى، خەلقنىڭ شۇنچىغا ماس ھالدىكى ئىنتىزامچانلىقى، شۇنداقلا بۇلارنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى بولغان ئاجايىب ـ غارايىب قانۇن ـ تۈزۈم، چەكلىمىلەردىن بەزىلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.

سىنگاپور — مالاي يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىغا، ئېكۋاتورنىڭ تەخمىنەن 85 مىل (137 كىلومېتىر) شىمالىغا جايلاشقان ئارال دۆلىتىدۇر. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە دۇنيادىكى ئۈچ شەھەر دۆلىتىنىڭ، يەنى بىرلا شەھەردىن تەركىب تاپقان دۆلەتنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ يەردە پەقەت سىنگاپوردىن ئىبارەت بىرلا شەھەر بار.

سىنگاپور دېڭىز ئارقىلىق مالايسىيا ۋە ھىندونېزىيە بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ.

ھالبۇكى، بۇ كىچىككىنە دۆلەتنىڭ بۈگۈن دۇنيادىكى ئەڭ پاكىز، ئەڭ باي، پاراۋانلىق سەۋىيەسى ئەڭ يۇقىرى، جىنايەت نىسبىتى ئەڭ تۆۋەن دۆلەتلەردىن بىرىگە ئايلىنالىشىنىڭ ئارقىسىدا، كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان ئۇتتۇق ھېكايىسى ياتىدۇ.

سىنگاپور ئىقتىسادىي يۈكسىلىش جەھەتتىكى ئەڭ جانلىق ئۆرنەكلەرنىڭ بىرىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىنگاپور پۈتۈن ئىشنى نۆلدىن باشلىغان دۆلەتتۇر.

1819 ـ يىلى ئەنگلىيەلىك ستامفورد رافلېس سىنگاپورغا كېلىپ، بۇ يەردە پورت ياسىتىپ، ئالاھەزەل بىر يېرىم ئەسىر داۋاملاشقان ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىكىگە ئاساس سالىدى. 1940 ~ 1945 ـ يىللىرى ئارىسىدا، ياپونىيە سىنگاپورنى بېسىۋالغان بولسىمۇ، كېيىن بۇ يەر تەكرار ئەنگلىيەنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىردى. 1963 ـ يىلى مالايسىيا فېدېراتسىيەسىگە قوشۇلغان سىنگاپور 1965 ـ يىلى ئۆز مۇستەقىللىقىگە ئېرىشكىنىدە، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرالىشىغا ئىشىنىدىغانلار يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى. چۈنكى، بۇ يەردە سانائەتمۇ، تەبىئىي بايلىقلارمۇ يوق ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئەينى چاغدىكى سىنگاپور خەلقى خىلمۇخىل مىللىي تەركىبكە ئىگە، نامرات، مائارىپ تەربىيەسى كۆرمىگەن كىشىلەر ئىدى، ئورتاق كۇلتۇرىمۇ يوق ئىدى. يەنى، سىنگاپور ھەر ساھەدە سىرتقا بېقىنىدىغان، ئىچىملىك سۇنىمۇ ئۆزى ئىشلەپچىقىرالمايدىغان بىر دۆلەت ئىدى.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ دۆلەتنىڭ قولىدا بار بىردىنبىر نەرسە — ئىنسان ئىدى. شۇ ۋەجىدىن، دۆلەتمۇ ئىنسانلارغا مەبلەغ سالىدى. نەتىجىدە، بۇ دۆلەت بۈگۈنگە كەلگەندە، ئىشەنچلىك قانۇن سىستېمىسى، ئەرزان ئەمگەك كۈچى، تۆۋەن باج ۋە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۈستۈن مائارىپ تەربىيەسىگە ئىگە بولغان، قابىلىيەتلىك خەلقى ئارقىلىق، چەتئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار كۆز تىكىدىغان جايلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

بۈگۈن، سىنگاپور «ئىش بېجىرىش قولايلىقلىقى» كۆرسەتكۈچى جەھەتتە، دۇنيادا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. سىنگاپورنىڭ ئەڭ مۇھىم يەنە بىر ئەۋزەللىكى شۇكى، ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئاۋات ۋە ئىككىنچى چوڭ

سودا پورتىغا ئىگە. شۇنداقلا، بۇ يەر دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم پۇل مۇئامىلە ۋە يۈك تىرانسپورت مەركەزلىرىنىڭ بىرىدۇر.

دۇنيا ئىقتىسادىي ساھەسىدە، سىنگاپور، خوڭكوڭ، تەيۋەن ۋە كورېيە بىرلىكتە «ئاسىيادىكى تۆت يولۋاس» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بۇ تۆت دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنىڭ 1960 ـ يىلىدىن 1990 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يۇقىرى ئېشىش سۈرئىتى ۋە تېز سانائەتلىشىشىدۇر. لېكىن، ئۆز نۆۋىتىدە سىنگاپورنىڭ ئىقتىسادى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ ئەزەلدىن تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئېكسپورتقا بېقىنىپ قالمىغان.

سىنگاپورنىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىغا قارايدىغان بولساق، بۇ ئورتاق تىلى، مىللىتى، كۇلتۇرى ۋە تارىخىي كىملىكى بولمىغان دۆلەتتۇر. ئەمەلىيەتتە، بۇ دۆلەتتە «يەرلىك سىنگاپورلۇق» دەيدىغان ئۇقۇمۇ مەۋجۇت ئەمەس. چۈنكى، خەلقىنىڭ ھەممىسىلا ئوخشىمىغان دۆلەتلەردىن كەلگەن كۆچمەنلەردۇر. سىنگاپورنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 5 مىليون 600 مىڭ بولۇپ، بۇنىڭ 74 پىرسەنتى خىتاي، 13 پىرسەنتى مالاي، توققۇز پىرسەنتى ھىندى، قالغان تۆت پىرسەنتى باشقا مىللەتلەردۇر.

سىنگاپورنىڭ دۆلەت دىنى يوق، ئاھالىنىڭ 34 پىرسەنتى بۇددىست، 18 پىرسەنتى خىرىستىيان، 14 پىرسەنتى مۇسۇلمان، ئون پىرسەنتى داۋجىياۋ مۇرىتى، بەش پىرسەنت ھىندى دىنى مۇرىتى، بىر پىرسەنتى باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار، قالغان 18 پىرسەنتى بولسا ھېچقانداق دىنغا تەۋە ئەمەس كىشىلەردۇر.

سىنگاپورلۇقلار ئوقۇمۇشلۇق خەلقتۇر. ئەمما، ئۇلار نوقۇل ھالدا «كىتاب خالتىلىرى» بولماستىن، بەلكى مەسىلە ھەل قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك كىشىلەردۇر. سىنگاپور دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار مائارىپ سىستېمىلىرىدىن بىرىگە ئىگە. خەلقىنىڭ 97.3 پىرسەنتى ساۋاتلىق. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەنلا قالماستىن، كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت سەۋىيەسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، سىنگاپورلۇقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دۇنيانىڭ يەنە بىر چېتىدىكى ئالاقىسىز دۆلەتلەر ھەققىدىمۇ ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئۇچۇرغا ئىگە.

سىنگاپورنىڭ قېلىپلاشتۇرۇلغان خىتاي تىلى، مالاي تىلى، تامىل تىلى (كۆپىنچە ھىندىلار تەرىپىدىن قوللىنىلىدۇ) ۋە ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ «يالدامىسى» بولغان ئېنگلىز تىلىدىن ئىبارەت تۆت رەسمىي تىلى بار. مېترو بېكەتلىرىدىكى ياكى باشقا ھەرقانداق يەردىكى تاختىلاردىكى خەتلەر مۇشۇ تۆت خىل تىلدا يېزىلىدۇ. مائارىپ ۋە تىجارەت ساھەلىرىدە ئېنگلىز تىلى قوللىنىلىدىغان بولۇپ، خەلقنىڭ كۆپ قىسمى ئاز دېگەندە ئىككى تىل بىلىدۇ. ئەگەر ئېنگلىز تىلى بىلسىڭىز، سىنگاپوردا كىشىلەر بىلەن راۋان ئالاقە قىلالايسىز.

سىنگاپورنىڭ پۇل بىرلىكى سىنگاپور دوللىرى بولۇپ، بۈگۈنكى پېرىۋوت نىسبىتىگە كۆرە، بىر سىنگاپور دوللىرى تەخمىنەن 0.74 ئامېرىكا دوللىرىغا، 0.65 ياۋروغا ۋە 10 تۈرك لىراسىغا تەڭ كېلىدۇ. تەڭگە پۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق پۇللارغا «سىنگاپور» دېگەن خەت تۆت خىل رەسمىي تىلدا

يېزىلغان. ئىككى، بەش ۋە ئون سىنگاپور دوللارلىرى قايتىلاپ ئىشلەتكىلى بولىدىغان پىلاستىك ماتېرىيالدىن ياسىلىدىغان بولۇپ، قىممىتى تېخىمۇ يۇقىرى پۇللار قەغەزدىن ياسىلىدۇ.

بۈگۈن، سىنگاپور كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى جەھەتتە دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەمما، بۇ يەردە ئىنتايىن ئېغىر كىرىم تەڭسىزلىكى بار. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، بۇ يەردە نامراتلارنىڭ كۆپلۈكى ئەمەس، بەلكى نۇرغۇنلىغان دەرىجىدىن تاشقىرى بايلارنىڭ بار بولغانلىقىدۇر. بۇ يەردە دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدىكىدەك، «ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى» دېيىلىدىغان نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. سىنگاپور 5783 سىنگاپور دوللىرىلىق ئوتتۇرىچە ئايلىق مائاش بىلەن، دۇنيادىكى ئوتتۇرىچە مائاش سەۋىيەسى ئەڭ يۇقىرى دۆلەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ كىرىمىنىڭ يىگىرمە پىرسەنتى چوقۇم ئامانەت ھېساباتىغا قويۇلىدۇ. كىشىلەر بۇ پۇلنى ساغلاملىق چىقىملىرى ياكى ئۆي سېتىۋېلىش قاتارلىق ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن ئىشلىتەلىگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرىنى پېنسىيەگە چىققاندا ئاندىن ئىشلىتەلەيدۇ. ئىشسىزلىق نىسبىتى 3.2 پىرسەنت بولۇپ، بۇ يەر نامراتلار ئەڭ ئاز دۆلەتلەرنىڭ بىرىدۇر. تىلەمچىلەر ۋە ئۆي ـ ماكانسىز قالغانلار يوق دېيەرلىك. چۈنكى، ئەڭ نامرات كىشىلەرمۇ دۆلەتنىڭ ياردىمى ئاستىدا، بىر ئۆي، ئەڭ يۇقىرى سۈپەتلىك داۋالىنىش مۇلازىمىتى ۋە مائارىپتىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

سىنگاپور ئۆز نۆۋىتىدە يەنە چىرىكلىك ئەھۋاللىرى ئەڭ ئاز كۆرۈلۈش جەھەتتە دۇنيادا ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. دۆلەتنىڭ باش مىنىستىرى دۇنيادىكى كىرىمى ئەڭ يۇقىرى دۆلەت رەھبىرى بولۇپ، يىللىق مائاشى تەخمىنەن ئىككى مىليون 200 مىڭ دوللار.

گەرچە سىنگاپورلۇقلار باشقا نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ خەلقىدىن باي بولسىمۇ، ئەمما بۇ دۆلەتتىكى نۇرغۇن نەرسىلەر يەرلىك كىشىلەر ئۈچۈنمۇ پەۋقۇلئاددە قىممەت ھېسابلىنىدۇ. نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ قىممەتلىكلىكى جەھەتتە، بۇ يەر دۇنيادا تۆتىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

سىنگاپور ئۆز نۆۋىتىدە يەنە دۇنيادىكى ئاپتوموبىللار ئەڭ قىممەت جايلارنىڭ بىرىدۇر. سىنگاپور كىچىك ئارال دۆلىتى بولغاچقا، ھۆكۈمەت ماشىنا سانىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن باجنى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى بېكىتىپ كەلمەكتە. بۇ يەردە ماشىنا باھاسى 100 مىڭ سىنگاپور دوللىرىدىن باشلىنىدۇ، پۇلىڭىز بولغان تەقدىردىمۇ، خالىغان ۋاقىتتا ماشىنا سېتىۋالالمايسىز. ئەكسىچە، ئالدى بىلەن ئىلتىماس سۇنۇپ، ئۆچىرەت ساقلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردە ماشىنا سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆچىرەت ساقلاۋاتقانلارنىڭ سانىمۇ ماشىنا باھاسىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ (يەنى ماشىنا سېتىۋالماقچى بولغانلار كۆپ بولغانسېرى، باھاسىمۇ شۇنچە ئاشىدۇ). شۇنداقلا، ماشىنىنى قانۇنلۇق ھالدا ھەيدىيەلىشىڭىز ئۈچۈن، ماشىنا سېتىۋالغاندىن كېيىن، 40 ~ 50 مىڭ دوللار ئەتراپىدا، 10 يىللىق ئىشلىتىش بېجى تۆلىمىسىڭىز بولمايدۇ. شۇنداقلا، ئەگەر ئون يىل توشقاندا، ماشىنىنى داۋاملىق ھەيدىمەكچى بولسىڭىز، تۆلەيدىغان بېجىڭىز ئەسلىدىكىدىن خېلى بەكلا يۇقىرى

بولىدۇ. چۈنكى، دۆلەت (مۇھىت بۇلغايدىغانلىقى دېگەندەك سەۋەبلەر تۈپەيلى) كونا ماشىنىلارنىڭ ھەيدىلىشىنى خالىمايدۇ. يەنە كېلىپ، بۇ يەردە ماشىنا سېتىۋېلىش ئۈچۈن، چوقۇم دائىم قوللىنالايدىغان ماشىنا توختىتىش ئورنىڭىز بارلىقىنى ئىسپاتلىشىڭىز شەرت. مۇشۇ خىل ئاۋارىچىلىقلار سەۋەبلىك، سىنگاپورلۇقلار كۆپىنچە ھاللاردا ماشىنا سېتىۋالماستىن، ئىجارە ئېلىپ ھەيدەيدۇ.

«سىنگاپور ئاسىيادىكى ئەڭ ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان جايلاردىن بىرى» دېگەن باھانى سىنگاپورنى ساياھەت قىلغانلارنىڭ نۇرغۇنىنىڭ ئورتاق يەكۈنى دېيىشكە بولىدۇ. ھالبۇكى، بۇ خىل تۈيغۇغا كېلىشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبى سىنگاپوردىكى تۈرلۈك - تۈمەن خىل، قاتتىق ئىجرا قىلىنىدىغان چەكلىمىلەردۇر.

تۆۋەندە بايان قىلىنغۇسى چەكلىمىلەر نوقۇل ھالدا سىنگاپور پۇقرالىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بۇ دۆلەتكە ساياھەتكە كەلگەن كىشىلەر ئۈچۈنمۇ كۈچكە ئىگە.

ئالدى بىلەن، سىنگاپورنىڭ بۇ قەدەر پاكىز بولۇشى ئۇلاردىكى تەلەپچانلىقىنىڭ مەھسۇلىدۇر. سىنگاپوردا بىرەر چەكلىمىگە خىلاپلىق قىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، شۇ چەكلىمىگە خىلاپلىق قىلىنىشقا يول ئېچىشى مۇمكىن بولغان نەرسىلەرمۇ چەكلىنىدۇ. مەسىلەن، «سېغىزنى يەرگە تۈكۈرۈش» نۇرغۇن جايلاردا چەكلىنىشى مۇمكىن. ئەمما، سىنگاپوردا سېغىز چايناش، سېتىش، ھەتتا يېنىدا ساقلاشمۇ چەكلەنگەن. بۇنى سەۋەبى ـــ سېغىزنىڭ مۇھىتنى بۇلغايدىغانلىقىدۇر. سىنگاپوردا پەقەت دوختۇرنىڭ رېتسىپى ئارقىلىق سېغىز چايناشقىلا رۇخسەت قىلىنغان بولۇپ، سېغىزلار ئادەتتىكى دۇكانلاردا ئەمەس، بەلكى دورىخانىلاردا سېتىلىدۇ. سېغىز چايناشنىڭ جازاسى مىڭ سىنگاپور دوللىرى، سىنگاپورغا تىجارەت مەقسىتىدە سېغىز ئەكەتكەس قىلىشنىڭ جازاسى بولسا، 100 مىڭ سىنگاپور دوللىرىدۇر. شۇنداقلا، رۇخسەتسىز سېغىز چايىنسىڭىز مىڭ دوللار تۆلەپلا قۇتۇلالمايسىز، بۇنىڭغا قوشۇپ، بىر قاراشتىنلا تونۇۋالغىلى بولىدىغان «جازا فورمىسى»نى كىيىپ، ئاممىۋى مۇلازىمەت ئورۇنلىرىدا 12 سائەت ئىشلىشىڭىز كېرەك.

يەرگە تۈكۈرۈشنىڭ جازاسىمۇ مىڭ سىنگاپور دوللىرى.

2019 - يىلىدىن بۇيان، سىنگاپوردا ئىنتېرنېتتا يالغان خەۋەر تارقىتىشقا ئون يىللىق قاماق جازاسى بېرىلمەكتە.

بۇ يەردە باشقىلارنىڭ ھۇزۇرىنى بۇزىدىغان تۈرلۈك نەرسىلەر چەكلەنگەن بولۇپ، مەسىلەن ئاممىۋى سورۇنلاردا سەت گەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ناخشىلارنى ئېيتىش چەكلەنگەن. بۇ يەردە يەنە شەھۋانىي مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تور بەت، ژۇرنال ۋە كىنولارمۇ چەكلەنگەن.

سىنگاپوردا ھەمجىنسلىقمۇ چەكلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغانلار ئىككى يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

كوچىدا ھېچقانداق قاتناش ۋاستىسى يوق ھالەتتىمۇ، قىزىل چىراغ يورۇۋاتقاندا يولنى كېسىپ ئۆتۈشنىڭ ياكى پىيادىلەر يولىدىن باشقا جايلار ئارقىلىق يولدىن ئۆتۈشنىڭ جازاسى تۇنجى قېتىمدا يىگىرمە، ئىككىنچى قېتىمدا مىڭ سىنگاپور دوللىرى، ئۈچىنچى قېتىمدا بولسا ئۈچ ئايلىق قاماقتۇر.

باشقىلارنىڭ تورىنى رۇخسەتسىز ئىشلىتىۋېلىشنىڭ جازاسى ئون مىڭ سىنگاپور دوللىرى ياكى ئۈچ يىللىق قاماقتۇر.

بىر كىشىگە ياكى ئومۇمنىڭ مۈلكىگە قەستەن زىيان سېلىشنىڭ جازاسىمۇ قاماق ۋە قامچىلاشتۇر. 1994 ـ يىلى 18 ياشلىق ئامېرىكالىق بىر يىگىت «ئومۇمنىڭ مۈلكىگە زىيان سالغان» دېگەن سەۋەب بىلەن ھەم قامچىلانغان ھەم قاماقتا ياتقان. ھەتتا، ئامېرىكا پرېزىدېنتى ئارىغا كىرگەن بولسىمۇ، بۇ جازانى توسۇپ قالالمىغاندى. 2015 ـ يىلى گېرمانىيەلىك بىر يىگىت كوچىلارغا رەسىم سىزغانلىقى سەۋەبلىك، يۇقىرىقىغا ئوخشاش جازاغا تارتىلغان. بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، سىنگاپوردا باسقۇنچىلىق، پۇل يۇيۇش، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايەتلىرىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، سىنگاپورنىڭ بۇ قەدەر تەرتىپلىك، پاكىز ۋە يۈكسەك پاراۋانلىق سەۋىيەسىگە ئىگە بولۇشىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبى، چەكلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا زىنھار كەچۈرچىلىك قىلىنمايدىغانلىقىدۇر. بۇ يەردە، يەرگە ئەخلەت تاشلىغاندا «مېنى كىم كۆرەتتى؟» دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن، ئەمما كامېرالار ئارقىلىق بىر دەمدىلا قولغا چۈشۈپ قالىسىز.

بۇ بەلكىم مايك دىكتاتنىڭ «ئۆتۈقلىرىڭ سەندىكى ئىنتىزامچانلىق بىلەن ئوڭ تاناسىپ تۈزگەن بولىدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ ئەمەلىي ئۆرنىكى بولسا كېرەك.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىغان

**پايدىلانغان مەنبەلەر:**


https://www.britannica.com/place/Singapore/The-people#ref52624

https://www.worldbank.org/en/country/singapore/overview#1

https://www.gov.sg



# خىتاي تاجاۋۇزىدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ئارزۇسى ھەققىدىكى دوكلات

# خىتاي تاجاۋۇزىدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ئارزۇسى ھەققىدىكى دوكلات (ۋىلسون ئارخىپ مەركىزى)

**شەرقىي تۈركىستاندا «يەرلىك مىللەتچىلىكنىڭ باش كۆتۈرگەنلىكى» توغرىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقى پارتكومى مەركىزىي كومىتېتىغا يوللانغان دوكلات**

**ۋىلسون رەقەملىك ئارخىپخانىسىدىكى 175900 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت**

**سوۋېت كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىغا، يولداش لۇ ئاندروپوۋقا:**

**مەزكۇر خەتكە «شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتچىلىكنىڭ ئىپادىلىرى توغرىسىدىكى دوكلات» قىستۇرۇلغان بولۇپ، مەزكۇر دوكلات بىزنىڭ ئۈرۈمچى ۋە غۇلجىدىكى كونسۇلخانىلىرىمىزنىڭ ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن تەييارلانغان.**

**م.زىمىيانىن**

**1958 ـ يىلى 3 ـ مارت.**

**1958 ـ يىلى 22 ـ فېۋرال**

**شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتچىلىكنىڭ ئىپادىلىرى توغرىسىدىكى دوكلات**

**بىزنىڭ ئۈرۈمچى ۋە غۇلجىدىكى كونسۇلخانىلىرىمىزنىڭ ئاخباراتىغا كۆرە، 1957 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ كېڭەيتىلگەن ئومۇمىي يىغىنى ئۈرۈمچىدە باشلانغان بولۇپ، مەزكۇر يىغىندا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئارىسىدىكى خىزمەت ئۇسلۇبىنى تۈزىتىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنماقتا. مەزكۇر مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىش جەريانىدا، ئاپتونوم رايوننىڭ قىسمەن رەھبەرلىرى ئارىسىدا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ نۆۋەتتە ئىجرا قىلىنىۋاتقان مىللەتلەر**

سىياسىتىنى چۈشىنىش جەھەتتە ئېغىر خاتالىقلار مەۋجۇتلۇقى بايقالغان ۋە تەنقىدلەنگەن. بىز بۇ يەردە يەرلىك مىللەتچىلىكنىڭ باش كۆتۈرگەنلىكى ھەققىدە توختىلىمىز.

ئومۇمىي يىغىندا كۆرسىتىلىشىچە، شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتچىلەرنىڭ نۆۋەتتىكى مەۋقەسىنى تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىلەش مۇمكىن: ئۇلار شىنجاڭدا يا مۇستەقىل ئۇيغۇر جۇمھۇرىيىتى (ئۇيغۇرىستان)، ياكى خىتاينىڭ بىر قىسمى بولغان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئۇلار نۆۋەتتە شىنجاڭدا مەۋجۇت بولغان ئاپتونومىيەنى جۇمھۇرىيەت قۇرۇش يولىدىكى ئۆتكۈنچى باسقۇچ دەپ قارايدۇ. مىللەتچىلەر خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىك رولىغا، شۇنداقلا سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشىغا قارشى. يەرلىك مىللەتچىلەر شىنجاڭدا مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى تەرغىب قىلىپ، «خىتاي كومپارتىيەسى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا ماركسىزم ـ لېنىنىزمدىن چەتنەپ كەتتى ۋە خىتايلارنىڭلا مەنپەئەتىنى ياقلىدى» دېيىشكەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، خىتاي كومپارتىيەسى (خىتايلارنىڭلا مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، ت) مىللىيلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىكەن.

مىللەتچىلەر پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتلىرى داۋامىدا، خىتايلارنى چەتكە قېقىشقا ئۇرۇنغان ۋە «ئۇلار چوقۇم ئاپتونوم رايوندىن چىقىپ كېتىشى كېرەك» دېيىشكەن. مەسىلەن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئابدۇرېھىم سېيت «بارلىق خىتايلارنى ئۈرۈمچىدىن قوغلاپ چىقىرىش؛ شۇنداقلا خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئاساسلىقى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى يۆرۈشتۈرۈش بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ئىشلەپچىقىرىش دىۋىزىيەسىنى (بىڭتۇەننى دېمەكچى) شىنجاڭدىن چىقىرىۋېتىش كېرەك» دېگەن.

بەزى مىللەتچىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئىغۋا تارقىتىپ، «سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلگىرى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا قارشى كۈرىشىگە ياردەم قىلغانىدى، ئەمدىلىكتە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى كۈرىشىگە ياردەم قىلىۋاتىدۇ. شىنجاڭدىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەردىمۇ ھەقىقىي مۇستەقىللىق يوق، ۋەھاكازا» دېيىشمەكتە.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئومۇمىي يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزوف يەرلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئارىسىدىكى خىزمەت ئىستىلىنى تۈزىتىش تەدبىرى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئوقۇپ ئۆتكەن. ئۇ نۆۋەتتە داۋاملىشىۋاتقان خىزمەت ئىستىلىنى تۈزىتىش ھەرىكىتىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەندىن كېيىن، مەزكۇر ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي نۇقتىسىنى يەرلىك مىللەتچىلىك بىلەن بولغان كۈرەشكە مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك دېگەن.

يىغىن ئىشتىراكچىلىرى (ئومۇمىي يىغىنغا جەمئىي 240 كىشى قاتناشقان) ئومۇمىي يىغىندىن سىرت، يەنە گۇرۇپپا خىزمەتلىرىنىمۇ (بۇ جەھەتتە، خىتايلار ئايرىم بىر گۇرۇپپا بولۇپ تەشكىللەنگەن) قانات يايدۇرغان بولۇپ، نۆۋەتتە ئۇلار شۇ گۇرۇپپىلاردا (يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان) دوكلاتنى مۇھاكىمە قىلىپ، يەرلىك مىللەتچىلەرگە قارشى كەسكىن تەنقىدلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا. مەزكۇر خىزمەت داۋامىدا،

**ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مەسئۇلى زىيا سەمەدى ـــ ئۇ يەرلىك مىللەتچىلەرنىڭ كاتتىبېشى دەپ قارىلىدۇ ـــ؛ ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى ئىبراھىم تۇردى؛ ئۆرۈمچى خەلق كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئابدۇرېھىم سېيت؛ سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى ياقۇپ بەگ؛ جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ئالىيېف؛ (ئىلى) قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئابدۇرېھىم ئەيسا ۋە باشقىلاردىكى يەرلىك مىللەتچىلىك خاھىشىنىڭ ئالاھىدە كۈچلۈك ئىكەنلىكى ئايدىڭلاشقان. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ سېكرېتارى (سەيدۇللاھ) سەيپۇللايوف؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن پاتخان سۇگۇربايېف، ئەسھەت ئىسھاقوف، ئىمىنوف؛ مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى (ئابدۇللاھ) زاكىروف؛ كورلا مەمۇريي رايونىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى تۇرسۇن ئىسرائىلوف ۋە باشقىلارنىڭمۇ ئازدۇر ـ كۆپتۇر مىللەتچىلىك خاھىشىغا ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان.**

**ئومۇمىي يىغىندىكى تەنقىدلەرنىڭ بېسىمى تۈپەيلى، (ئىسھاقوف، سەيپۇللايوف، زاكىروف قاتارلىق) قىسمەن كادىرلار ئۆز ئىستىلىدىكى خاتالىقنى مەلۇم دەرىجىدە ئېتىراپ قىلغان. باشقىلار بولسا ئۆزلىرىنىڭ مىللەتچىلىك مەۋقەسىدە جاھىللارچە چىڭ تۇرغان. خىتايدىكى يولداشلار تەمىنلىگەن ئۇچۇرلارغا كۆرە، ئابدۇرېھىم ئەيسا چەتئەل جاسۇسى بىلەن ئالاقىنى ساقلاپ كەلگەن. ئەينى چاغدا، ئۇ خىتاي (ھەج) ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە، مەككىدە تۇرۇۋاتقان چېغىدا، دەۋلەت ئىسىملىك ئامېرىكا جاسۇسى بىلەن ئۇچراشقان. ئومۇمىي يىغىندا، ئابدۇرېھىم ئەيسانىڭ (مەزكۇر) قىلمىشلىرى تەكشۈرۈلۈۋاتقان جەريانىدا، ئۇ ئۆلۈۋالغان.**

**ئومۇمىي يىغىن جەريانىدا، شىنجاڭدىكى ئورگانلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان قىسمەن سوۋېت گراژدانلىرىدىمۇ مىللەتچىلىك خاھىشى خاتالىقى بارلىقى بايقالغان. خىتايدىكى يولداشلارنىڭ قارىشىچە، شىنجاڭدىكى سوۋېت گراژدانلىرىدىكى مىللەتچىلىك خاھىشى ئۇلارنىڭ شىنجاڭنىڭ كونكرېت ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىدىن مەنبەلەنگەن ۋە ئاساسلىقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت قۇرۇش تەجرىبىسىنى ئۆلۈك ھالدا شىنجاڭغا تەدبىقلاشتا ئىپادىلەنگەن.**

**شىنجاڭدىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىمۇ مىللەتچىلىك خاھىشلىرى كۆرۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كاپىتالىستىك ۋە قېرىنداش دۆلەتلەردىن زىيارەتكە كەلگەن ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرىغا ئۆزلىرىنىڭ نارازىلىقىنى ۋە شىكايەتلىرىنى ئىپادىلىگەن.**

**پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئۆرۈمچىدىكى ئومۇمىي يىغىنى ھېلىھەم خىزمەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ.**


**شىنجاڭدا يەرلىك مىللەتچىلىك خاھىشلىرىنىڭ باش كۆتۈرگەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا قارشى مۇجادىلە قىلىش زۆرۈرىيىتى بۇ يىل فېۋرالنىڭ بېشىدا بېيجىڭدا ئېچىلغان بەشىنچى قېتىملىق مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدىمۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بەزى ۋەكىللىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان.**

**سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى يىراق شەرق مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى م.زىمىيانىن**

**1958 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى**

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

**مەنبە:** https://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175900



# زەينۇرە ئەيسا

ھېيتاخۇن مەمتىمىن

# مەرھۇمە زەينۇرە ئەيسا كىم ئىدى؟

**ئاللاھقا تەۋەمىز، يەنە ئاللاھقا قايتىمىز!**

ھېيتاخۇن مەمتىمىن

**زەينۇرە ئەيسا خانىم 1941 ـ يىلى 17 ـ مارت كۇنى قەشقەردە تۇغۇلغان، دادىسى ئەخمەتجان سۇلايمان 1944 ـ يىلى قۇرۇلغان شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مىللىي ئارمىيە ئاتلىق پولكىدا ئوفىتسېر دوختۇر بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىگەن.**

**ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرى ئاقسۇ ئۇچتۇرپاندا ئۆتكەن، 1958 ـ يىلى قەشقەردە تىببى مەكتەپكە ئوقۇشقا تاللانغان بولسىمۇ، ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتىغا بولغان ئىشتىياقى تۈپەيلى مەكتەپ ئالماشتۇرۇپ 1960 ـ يىلى ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى» تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن، 1965 ـ يىلى ئۇنىۋېرسىتېتنى ئەلا نەتىجە پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆزى پۈتتۈرگەن مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالغان.**

**1985 ـ يىلى شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى مۇھاجىرەتتە داۋاملاشتۇرۇش غايىسىدە ئىككى بالىسىنى ئېلىپ تۈركىيەگە كۆچۈپ چىققان. تۈركىيەگە كەلگەندىن كېيىن مىللى ئىستىخبارات تەشكىلاتى (مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى)نىڭ تۈركىستان بۆلۈمىدە تەرجىمان بولۇپ ئۇزۇن يىل ئىشلىگەن، بۇ جەرياندا خىزمەت ئورنىنىڭ پىرىنسىپى بويىچە ئۇيغۇر داۋاسىغا ئىشتىراك قىلالماسلىقتەك توسالغۇ ئۇنى ناھايىتى بىئارام قىلغان. كېيىن شەرقى تۈركىستان داۋاسىغا ئاكتىپ ئىشتىرك قىلىش مەقسىتىدە تۈركىيەنىڭ سابىق جۇمھۇر رەئىسى سۇلەيمان دېمىرەلدىن ئالاھىدە ئىجازەت سوراپ خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ، ئېخمۇ ئۇلۇغۋار ئىشلارنى روياپقا چىقىرىش ئارزۇسىدا ئامېرىكاغا بارغان. ئامېرىكىدا ئۇزۇن تۇرالماي گېرمانىيەگە كېلىپ سىياسى پاناھلىق تىلىگەن بولسىمۇ، گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ پاناھلىق تەلىپىنى رەت قىلغان ۋە خىتايغا قايتۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرغاندا، بىر تۈركنىڭ ياردىمى بىلەن لاگېردىن قېچىپ چىقىپ تۈركىيە ئەلچىخانىسىدىن ياردەم سورىغان ۋە بەختكە يارىشا تۈركىيە ئەلچىخانىسىنىڭ پاسپورت چىقىرىپ بېرىشى بىلەن تۈركىيەگە قايتىپ كەلگەن.**

**ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەزگىلدە «توققۇز بۇلاق»، «بۇلبۇل نەۋاسى»، «قار لەيلىسى» قاتارلىق شېئىر كىتاپلىرى، «ئالىي مەكتەپ ئۇچۇن يېزىقچىلىق بىلىمى» ناملىق ئەسىرى نەشر قىلىنغان. ئۇ 27 يېشىدا مەشھۇر تىلشۇناس ئىبراھىم مۇتئى تەرپىدىن تىل ئالىمى دەپ تەرىپلەنگەن. تۈركىيەدە تۈرك**

تىلى ئەدەبىياتى ژۇرنىلىدا «سېنى ئىزدەۋاتىمەن»، «ئۆچىنچى سۆيگۈ»، «مەن تارىخچى» ناملىق ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان، بىرلىكتە باشقۇرغان ئۇيغۇر ئاۋازى (www.uygurunsesi.com) تورسۇپىسىدا نەچچە ئونلىغان تۈركچە ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ يەنە بىرقىسىم شېئىرلىرى نېمىسچىغا تەرجىمە قىلىنغان.2001 ~ 2002 ـ يىللىرى گېرمانىيەنىڭ گىيۇتى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيغۇرشۇناسلارغا ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس بەرگەن. «قار لەيلىسى» نامىلىق تۈركچە شېئىرلا توپلىمى گېرمانىيەدە نەشىر قىلىنغان. ئۇ يەنە 2006 ـ يىلى «مەھمۇد قەشقەرى»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ» نامىلىق ئۇيغۇرچە رومانلارنى تۈركچىلەشتۈرگەن، «تارىم قىزى» نامىلىق ئۇيغۇرچە شېئىرلار توپلىمى «تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان.

ئىلاۋە ئورنىدا: مەن زەينۇرە ھەدەم بىلەن 2009 ـ يىلى تونۇشقاندىن باشلاپ ئانا ـ بالىدەك يېقىن ئۆتكەن ئىدۇق. ئۇ قەلەم كۈرەشىدىمۇ، ئەلەم كۈرەشىدىمۇ بار ئىدى. تارتقان جاپالىرىنى يېقىندىن بىلەتتىم. ئۇ ئۇيغۇر داۋاسى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر قەلەم تەۋرەتكەن بولۇپ،تاپقان ـ تەرگىنىنى كىتابلىرىنى نەشىر قىلدۇرۇشقا، قولىدا يازغان ماقالىلىرىنى خەت ئۇرغۇچىلارغا ھەق تۆلەپ يازدۇرۇشقا سەرپ قىلاتتى. ئۇ ئېسىل خىسلىتى بىلەن ياشاپ، ئۆمرىنى ئۇيغۇر داۋاسى ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، 2022 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى بۇ پانى دۇنيا بىلەن ۋىدالاشتى. مەرھۇمەنىڭ جىنازە نامىزىغا قاتنىشالمايدىغانلىقىمدىن ئەپسۇسلانغان ھالدا ئەينى چاغدا ماڭا ئاتايەن ئەۋەتكەن كىتابلىرى ۋە سىن كاسېتلىرىغا كۆز يۈگۈرتكەچ، بۇ تەرجىمھالنى رەتلەپ چىقتىم. مەرھۇمەگە ئاللاھ تەئالادىن رەھمەت ۋە پەرزەنتلىرى، داۋاداشلىرىغا سەبىر ـ تاقەت تىلەيمەن.

ھەدىمىزنىڭ قەلەم كۈرەشلىرى ئۇنىڭ ياخشى ئەمەل دەپتىرىدىن ئورۇن ئالغاي! سەدىقە جارىيە سۈپىتىدە داۋاملاشقاي! ئاللاھقا تەۋەمىز،ھەممىمىز بۇ پانى ئالەم بىلەن ھامان بىركۈنى ۋىدالىشىپ، يەنە ئاللاھ تەرىپىگە قايتىمىز.



# خىتاينىڭ ۋىرۇس تېزگىنلەشتىكى مىليون كىشىلىك ئارمىيىسى

يۇەن لى

# «بىرمۇ ئادەمنىڭ ۋىرۇستىن يۇقۇملانماسلىقى»غا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن پالاقلاۋاتقان مىليون كىشىلىك ئارمىيە

يۈەن لى

**(نيۇيورك ۋاقتى گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان)**

**2022 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى**

**خىتاينىڭ «بىرمۇ ئادەمنىڭ خىتاي ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانماسلىقى»غا كاپالەتلىك قىلىش سىياستىنىڭ سادىق ئىجرائاتچىلىرى، يەنى قانچىلىك «بەدەل» تۆلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، پۈتۈن كۈچى بىلەن مۇشۇ نىشان ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان مىليونلىغان ئادەم بار.**

**خىتاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى شىئەن شەھرىدە، دوختۇرخانىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى مەيدىسى ئاغرىۋاتقان بىر بىمارنى «ئوتتۇرا دەرىجىلىك خەۋپ رايونى»دىن كەلگەنلىكى سەۋەبلىك، دوختۇرخانىغا قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىغان ۋە نەتىجىدە بۇ بىمار يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن.**

**دوختۇرخانىنىڭ خىزمەتچىلىرى ھامىلدار بولغىنىغا سەككىز ئاي بولغان ۋە توختىماي قانسىراۋاتقان بىر ئايالنىڭ ۋىرۇس تەكشۈرۈش نەتىجىسىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك، ئۇنى داۋالىغىلى ئۇنىمىغان ۋە نەتىجىدە بۇ ئايالنىڭ بويىدىن ئاجراپ كەتكەن.**

**ئىككى نەپەر مەھەللە ئامانلىق ساقلىغۇچىسى (يېگۈدەك بىرەر نەرسە تېپىپ كىرىش ئۈچۈن) قامال مەزگىلىدە ئولتۇراق رايوندىن ئوغرىلىقچە چىققان بىر يىگىتنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭ يېگۈدەك نەرسىسى بار ـ يوقلۇقى بىلەن پەرۋايى پەلەك ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ۋە ئۇنى راسا دۇمبالىغان.**

**شىئەن شەھەرلىك ھۆكۈمەت بۇلتۇر 12 ـ ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، يەنى يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى كۆپەيگەن ئەھۋالدا، كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، شەھەرنى قاتتىق قامال قىلغان. لېكىن، ھۆكۈمەت مەزكۇر شەھەردىكى 13 مىليون ئاھالىنى يېمەك ـ ئىچمەك، دورا ۋە باشقا زۆرۈر بۇيۇملار بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە ياخشى تەييارلىق قىلمىغان بولغاچقا، شىئەندە 2020 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ۋۇخەندە تۇنجى قېتىم شەھەر قامال قىلىنغاندىن بۇيان خىتاي مىقياسىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدىكى قالايمىقانچىلىق ۋە كرىزىس يۈز بەرگەن.**

خىتاينىڭ مەزكۇر ۋابا تارقالغان دەسلەپكى مەزگىلدە، قاتتىق قول دىكتاتۇرا سىياسەت ئارقىلىق يۇقۇم ئەھۋالىنى ئوكۇشلۇق تىزگىنلىگەنلىكى ئەمەلدارلارغا زور ئىشەنچ ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى (قاتتىق) تەدبىر قوللىنىش جەھەتتە تېخىمۇ كەسكىن بولۇشقا ئۈندەۋاتقاندەك قىلاتتى. ھازىر خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ نۇرغۇنى «چوقۇم ھوقۇق دائىرىمىزدىكى بارچە ئىمكانىيەتلەرنى ئىشقا سېلىپ، بىرمۇ ئادەمنىڭ ۋابادىن يۇقۇملانماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك» دەپ قارايدۇ، چۈنكى بۇ ئۇلارنىڭ «ئالىي» رەھبىرى شى جىنپىڭنىڭ ئارزۇسى.

خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ نەزىرىدە، ۋىرۇسنى تىزگىنلەش بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، كىشلەرنىڭ ھاياتى، پاراۋانلىقى ۋە ئىززىتىنىڭ ھېچقانچە ۋەزنى يوق.

بۇ جەھەتتە، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆز سىياسەتلىرىنى جان ـ جەھلى بىلەن، ئەسەبىيلەرچە ئىجرا قىلىدىغان سان ـ ساناقسىز مەھەللە خىزمەتچىلىرىگە ۋە خەلقىنىڭ (مەزكۇر سىياسەت ـ تەدبىرلەرگە قارىتىلغان) ھەرقانداق تەشۋىش ـ ئەندىشىلىرىگە شىددەتلىك قايتۇرما زەربە بېرىدىغان «تور مىللەتچىلىرى»گە تايىنىدۇ. شىئەندىكى پاجىئەلەر بىر قىسىم خىتاي پۇقرالىرىنىڭ شەھەرنى قامال قىلىش تەدبىرلىرىنى ئىجرا قىلىدىغانلارنىڭ قانداقسىغا شۇنچىۋالا (رەھىمسىز، ئىنسانىيلىقتا زىت) ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقى ۋە ئاداققى مەسئۇلىيەتنى زادى كىمنىڭ ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى توغرىسىدىكى سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا سەۋەب بولدى.

بۇ ھەقتە، تور ئىسمى «مەن قارشىلىق كۆرسەتمەيمەن» دېگەن بىر بىلوگچى «مىكرو بىلوگ»دا شۇنداق دېگەن: «ئادەتلەشكەن رەزىللىكنى سادىر قىلغان يەككە شەخسلەرنى ئەيىبلەش تولىمۇ ئاسان، لېكىن سىز بىلەن مەنمۇ بۇ غايەت زور ماشىنىنىڭ ۋىنتىلىرىغا ئايلانغان ۋاقتىمىزدا، ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە بېسىمغا قارشى تۇرالماسلىقىمىز مۇمكىن».

«ئادەتلەشكەن رەزىللىك» ـــ (The Banality of Evil ـــ «رەزىللىكنىڭ ئادەتتىكىلىكى» دەپمۇ تەرجىمە قىلىنغان) خىتاي زىيالىيلىرى شىئەندىكى مۇشۇ خىل ھادىسىلەر توغرىسىدا دائىم ئىشلىتىدىغان ئاتالغۇ بولۇپ، ئەڭ دەسلەپتە پەيلاسوپ خاننا ئارېندت تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئارېندت ناتسىست قىرغىنچىلىقىنىڭ ئاساسلىق پىلانلىغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان ئادولف ئايكمەن (Adolf Eichmann) توغرىسىدىكى كىتابىدا ئايكمەننىڭ ئادەتتىكىلا بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرىنىڭ «شەخسىي ئۆتۈقلارنى قوغلىشىش جەريانىدىكى پەۋقۇلئاددە تېپىرلاشنىڭ مەھسۇلى» ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن (تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، «ئادەتلەشكەن رەزىللىك» كىشىنىڭ قاتتىق كونترول قىلىنىدىغان ئىدىئولوگىيە تۈزۈلمىسى ئاستىدا، ئاڭ ـ تەپەككۇردىن ۋە مەسئۇلىيەتتىن خالىي ھالدا جىنايەت سادىر قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە تېخىمۇ كونكرېت مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ژۇرنىلىمىزنىڭ 17 ـ سانىدىكى «فاشىزم ئىجرائاتچىسى» دېگەن ماقالىگە قاراڭ).

شۇنچە كۆپ ئەمەلدارلار ۋە پۇقرالارنىڭ ـــ ئاساسەن كەسپىي غايە ياكى ئىتائەتمەنلىكنىڭ تۈرتكىسىدە ـــ مۇستەبىت سىياسەتلەرنىڭ ئىجرائاتچىسى بولۇشقا رازى بولۇشى خىتاي زىيالىيلىرىنى قاتتىق چۆچۈتكەن.

ئىككى يىل ئىلگىرى، ۋۇخەندە پەيدا بولغاندا تاجىسمان ۋىرۇس خىتاينىڭ مۇستەبىت تۈزۈلمىسىنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارا قىلغانىدى. بۈگۈن بولسا، بىمارلارنىڭ خىتاي ۋىرۇسى ۋاباسىدىن باشقا كېسەللەر بىلەن ئۆلۈشى، ئاھالىلەرنىڭ ئاچ قېلىشى، ئەمەلدارلارنىڭ بىر ـ بىرىنى ئەيىبلىشى قاتارلىقلارغا ئەگىشىپ، شىئەن شەھىرىنىڭ قامال قىلىنىشى خىتاينىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىنىڭ قايسى دەرىجىدە قاتماللىشىپ، «بىرمۇ ئادەمنىڭ خىتاي ۋىرۇسىدىن يۇقۇملانماسلىقى»غا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن قايسى دەرىجىدە رەھىمسىزلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

شەنشى ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى بولغان شىئەن شەھىرىنىڭ ئەھۋالى 2020 ـ يىلىنىڭ بېشىدىكى ۋۇخەن شەھىرىنىڭكىدىن خېلىلا ياخشى ئىدى. ئەينى چاغدا، ۋۇخەندە نۇرغۇن ئادەم خىتاي ۋىرۇسى سەۋەبلىك ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، مەزكۇر شەھەرنىڭ تېببىي سىستېمىسى غايەت زور بېسىمغا دۇچ كەلگەنىدى. ھالبۇكى، شىئەندە ھازىرغا قەدەر خىتاي ۋىرۇسى سەۋەبلىك پەقەت ئۈچلا كىشىنىڭ ئۆلگەنلىكى خەۋەر قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئەڭ يېقىنقىسى 2020 ـ يىلى 3 ـ ئايدىكى ئىش ئىدى. شىئەن شەھەر دائىرىلىرىنىڭ ئېلان قىلىشىچە، بۇلتۇر 7 ـ ئايغا قەدەر، شەھەردىكى قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ 95 پىرسەنتىگە ۋاكسىنا ئۇرۇلۇپ بولغان. 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگە قەدەر، شىئەن شەھىرىدە «يېقىنقى يۇقۇم دولقۇنىدا يۇقۇملانغانلارنىڭ سانى 2017، ئۆلگەنلەر يوق» دېيىلگەن.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، شىئەن شەھىرىدە يەنىلا پەۋقۇلئاددە قاتتىق قامال قىلىش تەدبىرلىرى داۋاملىشىۋاتقان بولۇپ، ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىدىن چىقىشى چەكلەنگەن. ھەتتا، بەزى بىنالارنىڭ ئىشىكلىرى سىرتىدىن تاقىۋېتىلگەن. 45 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم «مەركەزلەشتۈرۈپ ئايرىپ داۋالاش نۇقتىلىرى»غا سولىۋېلىنغان.

شىئەندە كىشىلەرنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش ۋە كارانتىن قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان «ساغلاملىق كودى» سىستېمىسى ھەددىدىن زىيادە ئىشلىتىۋېتىلگەنلىكتىن پالەچلەنگەن. تېز يەتكۈزۈش مۇلازىمەتلىرىمۇ ئاساسەن توختاپ كەتكەن. بىر قىسىم ئاھالىلەر توردا ئۆزلىرىنىڭ يېگۈدەك نەرسىسى قالمىغانلىقىدىن شىكايەت قىلىشقان.

لېكىن، شەھەردىكى قامال تەدبىرلىرى يەنىلا بوشاشتۇرۇلمىغان.

بىر قانچە نەپەر مەھەللە «پىدائىي»لىرى ئوغرىلىقچە يېمەكلىك سېتىۋالغىلى چىققان بىر يىگىتنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى كامېراغا قاراپ تۇرۇپ «تۆۋبىنامە» ئوقۇشقا مەجبۇرلىغان. ئۇ يىگىت كامېرا ئالدىدا «مەن ئۆزۈمنىڭ قورساق غېمىم بىلەنلا قېلىپ، قىلمىشىمنىڭ كۆپچىلىككە نە قەدەر ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ

كېلىدىغانلىقىنى ئويلاشماپتىمەن» دېگەن. «يېڭى بېيجىڭ گېزىتى»نىڭ خەۋىرىگە كۆرە، بۇ (يولسىز) پىدائىيلار كېيىن قىلمىشى ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىغانمىش.

شىئەندىن يېزىغا قاراپ قېچىۋاتقان ئۈچ ئەر يېرىم يولدا تۇتۇلۇپ قالغان. ئۇلارنىڭ شەھەردە قامال ئاستىدا قېلىشىنىڭ ئېغىر بەدەللىرىدىن قورققانلىقتىن، قاچقان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. مۇشۇ قەھرتان قىشتا، ئۇ ئۈچەيلەن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ گاھىدا پىيادە، گاھىدا ۋېلىسىپىتلىك ماڭغان، ھەتتا سۇلاردىن ئۈزۈپ ئۆتكەن. يەرلىك ساقچى دائىرىلىرىنىڭ ۋە تاراتقۇلارنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىككىيلەن ساقچىلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. شۇنداقلا، ئۇلار خىتاي تور ئەھلى تەرىپىدىن (يۈگۈرۈش، ۋېلىسىپىت مىنىش ۋە سۇ ئۈزۈشتىن ئىبارەت) «ئۈچ تۈردىكى تۆمۈر ئادەملەر» دېگەن (كىنايىلىك) نام بىلەن ئاتالغان.

كېيىنچە، دوختۇرخانىلار بىمارلارنى داۋالىغىلى ئۇنىمايدىغان ۋە بىمارلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن ۋىدالىشىۋېلىشىغىمۇ يول قويمايدىغان ئەھۋاللار يۈز بەرگەن.

يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان، يۈرەك كېسىلى سەۋەبلىك مەيدىسى ئاغرىپ كەتكەن ھېلىقى ئەر كىشى دوختۇرخانىنىڭ سىرتىدا ئالتە سائەت ساقلىغاندىن كېيىن، ئاندىن دوختۇرخانىغا قوبۇل قىلىنغان. ئۇنىڭ ئەھۋالى ناچارلىشىپ كەتكەندىن كېيىن، قىزى ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالىشىۋېلىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، بىر ئەر خىزمەتچى بۇنىڭغا يول قويمىغان. بۇ قىزنىڭ دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن «مىكرو بىلوگ»قا يوللىغان ۋىدىيوسىدا كۆرسىتىلىشىچە، مەزكۇر خىزمەتچى «سەن ئەخلاقنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ بىزگە بېسىم ئىشلىتەلمەيسەن، بىز پەقەت ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتىمىز، خالاس» دېگەن.

نۆۋەتتە، شىئەن شەھىرىدىكى تۆۋەن دەرىجىلىك بەزى ئەمەلدارلار جازالاندى. شەھەرلىك سەھىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا بويىدىن ئاجراپ كەتكەن ھېلىقى ئايالدىن كەچۈرۈم سورىدى. بىر دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى خىزمىتىدىن توختىتىلدى. شەھەر دائىرىلىرى ئالدىنقى ھەپتە، ھەرقانداق داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ «ۋابانىڭ ئالدىنى ئېلىش»نى باھانە قىلىپ، بىمارلارنى قوبۇل قىلماسلىقىغا يول قويۇلمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

لېكىن، جازا تەدبىرلىرى پەقەت مۇشۇلار بىلەنلا چەكلەندى. ھەتتا، خىتاي مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىمۇ توردىكى ماقالىسىدە «قىسمەن يەرلىك ئەمەلدارلار مەسئۇلىيەتنى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا تاشلاپ قويدى» دەپ ئەيىبلىدى.

لېكىن، تۈزۈلمە ئىچىدىن بۇنىڭغا ئاۋاز قوشىدىغان ۋە توردا پىكىر بىلدۈرىدىغان كىشىلەرنىڭ كەمدىن كەم چىقىشىنىڭمۇ سەۋەبى بار.

خىتاي مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، ئەنخۇي ئۆلكىسىدىكى مەلۇم بىر دوختۇرخانىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ بىر دوختۇرى بۇلتۇر «قائىدىگە خىلاپ» ھالدا قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەن بىر بىمارنى داۋالىغانلىقى ئۈچۈن، 15 ئايلىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان.

ئالدىنقى ھەپتە، بېيجىڭدىكى مەلۇم بىر ھۆكۈمەت ئورگىنىدىكى بىر نەپەر مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان بولۇپ، بۇنداق بولۇشىغا («ھۆكۈمەتسۆيەر») ئىجتىمائىي تاراتقۇ ئابۇنتلىرىنىڭ ئۇنىڭ شىئەن شەھىرىنىڭ قامال قىلىنىشى توغرىسىدىكى ماقالىسىدە يالغان ئۇچۇرلار بارلىقى توغرىسىدا شىكايەت قىلغانلىقى سەۋەب بولغانمىش.

(ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان) مەزكۇر باشقارما باشلىقى ئۆز ماقالىسىدە شىئەن شەھىرىنىڭ قامال قىلىنىشىنى «ئادىمىيلىكنى يوقاتقانلىق»، «ياۋۇزلۇق» دەپ سۈپەتلىگەن بولۇپ، مەزكۇر ماقالىگە «شىئەنلىكلەرنىڭ قايغۇ ـ ئەلەملىرى: نېمە ئۈچۈن بەزىلەر قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشتىنمۇ يانماي، ئۆلۈمگە تەۋەككۈل قىلىپ، شىئەندىن قاچماقچى بولىدۇ؟» دەپ ماۋزۇ قويۇلغانىدى.

ۋۇخەن شەھىرى قامال قىلىنغاندىن بۇيان، خىتايدىكى تور دۇنياسى مىللەتچىلەرنىڭ خىتاينى، خىتاي ھۆكۈمىتىنى ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنى مەدھىيەلەيدىغان سۈپىسىغا ئايلىنىپ، ھېچقانداق قارشى پىكىرنى سىغدۇرماس ھالغا كەلدى. ئۇلار توردىكى نارازىلىق ـ شىكايەتلەرنى چەتئەل تاراتقۇلىرىنى (خىتايغا زەربە بېرىشتە كارغا كېلىدىغان) «ئوق ـ دورا» بىلەن تەمىنلىدى (يەنى ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلدى) دەپ ئەيىبلەشتى.

ئىجتىمائىي تاراتقۇ سۈپىسى بولغان «كىچىك قىزىل كىتاب» (小红书) دادىسى (ۋاقتىدا داۋالانمىغانلىقتىن) يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن قىزنىڭ يازمىسىنى ئۆچۈرۈۋەتتى ۋە بۇنىڭغا مەزكۇر يازمىنىڭ «جەمئىيەتكە پاسسىپ ئۇچۇر تارقاتقان»لىقى سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىلدى.

شىئەندە قامال ئاستىدىكى ۋۇخەن شەھىرىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى يازغان فاڭ فاڭغا ئوخشاش يازغۇچىلار يوق. چېن چيۇشى، فاڭ بىن ياكى جاڭ جەنگە ئوخشاش ئالاقىدار ۋىدىيولارنى توردا ئېلان قىلىپ تۇرىدىغان يالاڭئاياغ ئاخباراتچىلارمۇ يوق. مەزكۇر تۆتەيلەننىڭ بىرى سۈكۈت قىلغۇزۇلدى، بىرى قولغا ئېلىندى، بىرى يوقاپ كەتتى، يەنە بىرەيلەن تۈرمىدە ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالدى. بۇ شىئەندىكى قامال توغرىسىدا ئاشكارا گەپ قىلىشى مۇمكىن بولغان بارلىق كىشىلەرگە بېرىلگەن كۈچلۈك ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىدۇر.

توردا كەڭ تارالغان، شىئەندىكى قامالغا ئالاقىدار، چوڭقۇرلۇقتا ئىگە بىردىنبىر ماقالە شىئەنلىك سابىق مۇخبىر جاڭ ۋېنمىن تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، بۇ ماقالىمۇ ئاللىقاچان ئۆچۈرۈۋېتىلگەنىدى. ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىسى قويۇق بىراۋنىڭ بىلدۈرۈشىچە، دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىدىكىلەر جاڭ ۋېنمىنغا بۇ ئىش توغرىسىدا ئىككىنچىلەپ ئېغىز ئاچماسلىقنى جېكىلىگەن. يەنە بىر قىسىم (ھۆكۈمەتپەرەس، ھەتتا مەخسۇس

يالالنغان) ئىجتىمائىي تاراتقۇ ئابونتلىرى جاڭ ۋېنمىننى «سوپۇروپ تاشلىنىشى كېرەك بولغان ئەخلەت» دەپ ئەيىبلەشكەن.

ئەھۋالدىن خەۋەردار كىشىلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئىلگىرى ۋۇخەندىكى قامال مەزگىلىدە نادىر تەكشۈرۈش ماقالىلىرىنى ئېلان قىلغان بىر قانچە خىتاي تاراتقۇسىمۇ شىئەنگە مۇخبىر ئەۋەتەلمىگەن. چۈنكى، ئۇلار مۇخبىرلارنىڭ قامال ئاستىدىكى شەھەردە ئەركىن ھەرىكەت قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان يول خېتى ئالالمىغان.

لېكىن، شىئەندىكى قامالدىن مەنبەلەنگەن ئاپەت ھېلىھەم نۇرغۇن خىتاي پۇقرالىرىنى ھۆكۈمەتنىڭ جان ـ جەھلى بىلەن يۇقۇمنى تىزگىنلەش مېتودىدىن بەزدۈرەلمىدى.

مېيىپ، شۇنداقلا بىر قاتار كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان مەلۇم بىر خىتاي تەنھەرىكەتچىسى ۋۇخەن تۇغرىسىدىكى كۈندىلىك خاتىرىسى سەۋەبلىك فاڭ فاڭنى قارغىغانىدى. ئالدىنقى ئايدا، ئۇ «مىكرو بىلوگ»دا يازما ئېلان قىلىپ، شىئەندىكى ئۆزى تونۇيدىغان ئولتۇراق رايون قامال قىلىنغانلىقتىن دورا سېتىۋالالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتقان. ئەمما، ئۇنىڭ مەسلىسى كېيىنچە ھەل بولغان. ھازىر، ئۇ «ھەممەيلەن ئاكتىپ ئېنېرگىيە ئېچىدە» دېگەن ھەشتەگ (hashtag) ئارقىلىق، سابىق مۇخبىر جاڭ ۋېنمىنغا ھۇجۇم قىلىدىغان يازمىلارنى ھەمبەھىرلەپ يۈرۈۋاتىدۇ.

گەرچە ئالدىنقى ھەپتە شىئەن شەھەرلىك ھۆكۈمەت مەزكۇر شەھەرنىڭ ۋىرۇسقا قارشى كۈرەشتە غەلىبە قىلغانلىقىنى جاكارلىغان بولسىمۇ، لېكىن قامال تەدبىرلىرىنىڭ نۇرغۇنى ھېلىھەم بوشىتىلغىنى يوق. شۇنداقلا، قامالنى بىكار قىلىش ئۈچۈن تولىمۇ يۇقىرى شەرتلەر بېكىتىلگەن. شەنشى ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ سېكرېتارى 10 ـ يانۋار شىئەن شەھىرىنىڭ ئەمەلدارلىرىغا كەلگۈسىدە يۇقۇم ئەھۋالىنى «قاتتىق» تىزگىنلەش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا يولىيورۇق بېرىپ، «يېڭىنىنىڭ ئۈچىچىلىك تۆشۈكتىنمۇ بوران كىرەلەيدۇ» دېگەن.

ئىنگىلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلغان

**مەنبە:**

https://cn.nytimes.com/china/20220113/china-zero-covid-policy-xian/dual/



## خىتاي-ئوتتۇرا ئاسىيا مۇناسىۋەتلىرى:

# تەشۋىش ئىچىدىكى ئورتاق مەۋجۇتلۇق

ھېكمەتيار ئىبراھىم

# ختاي ـ ئوتتۇرا ئاسىيا مۇناسىۋەتلىرى: تەشۋىش ئىچىدىكى ئورتاق مەۋجۇتلۇق

ئاشوك ساژانهار
(هىندىستاننىڭ پېشقەدەم دىپلوماتى)

**1991 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مۇستەقىل بولغاندىن بۇيانقى ئوتتۇز يىل مابەينىدە، ختاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان ۋە ئۆزبېكىستاندىن ئىبارەت بەش دۆلەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى زور دەرىجىدە قويۇقلاشتى.**

**سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستان سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ختاي بىلەن بولغان چېگرالىرىدا داۋالغۇش ئىنجىمغان بولۇپ، بۇ يەرلەر بېيجىڭ بىلەن موسكۋا ئوتتۇرىسىدىكى جىددىيلىكنىڭ مەنبەسى ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلىپ، قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ختاي ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇ ئۈچ دۆلەت، شۇنداقلا رۇسىيە فېدېراتسىيەسى بىلەن بولغان چېگرا مەسىلىسىنى تېزدىن ھەل قىلدى. 1996 ـ يىلى مەزكۇر ۋەزىپە تاماملانغان (يەنى چېگرادىكى داۋالغۇشلار بېسىقتۇرۇلغان)دىن كېيىن، بۇ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىش مەقسىتىدە، «شاڭخەي بەش دۆلەت ئۇچرىشىش مېخانىزمى» قۇرۇلدى. 2002 ـ يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، مەزكۇر تەشكىلات «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»غا ئۆزگەرتىلدى.**

**ختاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان چېگرانى ئېنىق بېكىتىشكە ئالدىرىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەردىن بىرى، ختاي تەرىپىدىن «شىنجاڭ» (يېڭى تېررىتورىيە) دەپ ئاتالغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئىدى. 1949 ـ يىلى ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندا، ختاي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ رايوننى بېسىۋالغانىدى.**

**ختاي بۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندا قانۇن ـ تەرتىپنى قوغداشتىن سىرت، تۈركمەنىستان، قازاقىستان ۋە ئۆزبېكىستاندىن نېفت، تەبىئىي گاز ۋە ئۇران قاتارلىق يېقىلغۇلارنى، شۇنداقلا باشقا مىنېرال ماددىلارنى ئىمپورت قىلىشنى ۋە بۇ ساھەلەرگە مەبلەغ سېلىشنى تولىمۇ خالايتتى. (بۇنىڭغا ماس ھالدا) ئۆتكەن يىگىرمە يىلدا، ختاينىڭ ئېنېرگىيەگە بولغان تويماس نەپسىنى قاندۇرۇش مەقسىتىدە، بۇ رايوندا بىر قانچە نېفت ۋە تەبىئىي گاز تۇرۇبا يولى ياسالدى.**

«بىر بەلباغ، بىر يول» پروجېكتىنىڭ (OBOR) (كېيىنچە «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى» (BRI) دەپ ئاتالدى) ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئوتتۇرا ئاسىيانى ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا شەرق بىلەن تۇتاشتۇرۇش ئارقىلىق، مەزكۇر رايوننىڭ خىتايغا بولغان ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ گۈللەنگەن ئىقتىسادىي گەۋدە بولمىش قازاقىستان ئىقتىساد ۋە پۇل مۇئامىلە جەھەتتە خىتاي تەمىنلىگەن يېڭى مەبلەغ سېلىش ۋە ئۆزئارا باغلىنىش پۇرسىتىدىن نەپ ئېلىش ئۈچۈن، خىتاي بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئۆزىنى « بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىنىڭ «تۈگۈنى» دەپ قارىدى.

ھالبۇكى، ئۆتكەن بىر قانچە يىلدا، بۇ دۆلەتلەرنىڭ بەزىلىرىدىكى پۇقرالارنىڭ (ھەتتا ھۆكۈمەت ۋە سەرخىللارنىڭ) خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بارغانسېرى كەسكىنلەشتى. كەلگۈسىدە، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى خىتاينىڭ (مەزكۇر دۆلەتلەردە) كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان تىزگىنىگە قارشى تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇشى مۇمكىن.

شۇنداقلا، خىتاينىڭ ئۆتمۈشتىن بۇيان رۇسىيەنىڭ نوپۇز دائىرىسى دەپ قارالغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي پائالىيەتلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىشى كەلگۈسى بىر قانچە يىلدا (رۇسىيە بىلەن خىتايدىن ئىبارەت) بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا نوپۇز تالىشىش جېڭىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. گەرچە ھازىرغا قەدەر، خىتاي بىلەن رۇسىيە قارىماققا ئاساسەن سۈركىلىشتىن خالىي ھالدا ھەمكارلىشىۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما بۇ ھالەت كەلگۈسى بىر قانچە يىلدا ئۆزگىرىشى مۇمكىن.

## خىتاينىڭ مەزكۇر رايوننىڭ قېزىلما بايلىقلىرىغا بولغان كونتروللۇقىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىشى

دۆلەت ئىچىدىكى ئېنېرگىيە ئېھتىياجىنىڭ ئېشىشى، (نورمالدىن يۇقىرى سەۋىيەدىكى) كۈچلۈك ئىقتىسادىي ئېشىشقا تايىنىپ قېلىش ۋە تەييار مەھسۇلاتلار ئۈچۈن تاشقى بازارنى كېڭەيتىش ئېھتىياجى خىتاينىڭ بۇ رايوندىكى مەۋجۇتلۇقىنى كۈچەيتىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەردىندۇر. 1990 ـ يىللاردىن كېيىن، خىتاينىڭ ئېنېرگىيەگە بولغان ئېھتىياجى زور دەرىجىدە ئاشتى. ئۇنىڭ كۈنلۈك نېفت ئىستېمال مىقدارى 1998 ـ يىلدىكى 4 مىليون 200 مىڭ تۇڭدىن 2018 ـ يىلى 13 مىليون 500 مىڭ تۇڭغا يەتتى. ئۇنىڭ تەبىئىي گاز ئىستېمال مىقدارىنىڭ 2020 ـ يىلدىن 2050 ـ يىلغىچە 190 پىرسەنتكە يېقىن ئېشىشى مۆلچەرلەنمەكتە.

ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە مول ھىدرو كاربون يېقىلغۇسى ۋە مىنېرال زاپىسى بار بولۇپ، بۇ خىتاينىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئېنېرگىيە قۇرۇلمىسىنىڭ، شۇنداقلا توشۇش لىنىيەسىنىڭ كۆپ خىللىشىشىدا پەۋقۇلئاددە مۇھىم. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان نېفت زاپىسى 40 مىليارد تۇڭ ۋە تەبىئىي گاز زاپىسى 500 تىرىليون كۇب

فۇت (تۈركمەنىستاندىلا 350 تىرىلىيون كۇب فۇت)تىن ئېشىپ كەتكەن ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى خىتاينىڭ ئېنېرگىيە جەھەتتە غەربىي ئاسىياغا بولغان ئېھتىياجىنى ئازايتىشىغا ياردەم بېرەلەيدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادا يەنە ئۇران زاپىسىمۇ مول بولۇپ، مەزكۇر قىممەتلىك مىنېرال ماددا (يەنى ئۇران)نىڭ زاپاس مىقدارى جەھەتتە، قازاقىستان ئاۋستىرالىيەدىن قالسىلا دۇنيادىكى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ھەتتا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قازاقىستان ئالىلقاچان دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئۇران ئىشلەپچىقارغۇچى دۆلەتكە ئايلاندى. ئۆزبېكىستاندىمۇ زور مىقداردا ئۇران زاپىسى بار. شۇ ۋەجىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيا خىتاينىڭ ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكى ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە مۇھىم.

ھالبۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئېنېرگىيە ساھەسىدىكى تېخنىكا ۋە ئۇل ئەسلىھە تەرەققىياتىغا مەبلەغ سېلىشقا موھتاج. شۇ ۋەجىدىن، تېخنىكا ئەۋزەللىكىدىن سىرت، يەنە تۆت تىرىلىيون دوللاردىن ئارتۇق تاشقى پېرېۋوت زاپىسىغا ئىگە خىتاي (ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى ئۈچۈن) بىۋاستە چەتئەل مەبلىغىنىڭ مۇھىم مەنبەسىگە ئايلاندى.

يېقىندىن بۇيان، خىتاينىڭ جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدا مالايسىيا، ۋيېتنام، ھىندونېزىيە، فىلىپپىن، شۇنداقلا ئامېرىكا بىلەن بولغان رىقابەتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نېفىت ۋە تەبىئىي گاز بايلىقىنىڭ (خىتايغا بولغان) ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. خىتاينىڭ ئېنېرگىيە تەمىناتىنىڭ ئەللىك پىرسەنتتىن كۆپرەكى غەربىي ئاسىيادىن كېلىدىغان بولۇپ، بۇ ئاسانلا گېئوپولىتىك تەھدىتكە ئۇچرايدۇ. ھالبۇكى، ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىگە سېلىشتۇرغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بايلىقلىرى خىتاينىڭ غەربىي قىسمىغا تېخىمۇ يېقىن بولغاچقا، ئۇنى توشۇش تېخىمۇ ئاسان.

شەرقىي تۈركىستاندا «مۇقىملىق» ئورنىتىش

شەرقىي تۈركىستاندا ياشايدىغان، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ئۇيغۇرلار 1980 ـ، 1981 ـ، 1985 ـ ۋە 1987 ـ يىللىرى خىتايغا قارشى ھەرىكەت قوزغىغان. ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىنىڭ ئالدىدىكى مۇستەقىللىق ئارزۇلىرى ـــ ئۇلار 1933 ـ ۋە 1944 ـ يىللىرى ئىككى قېتىم مۇستەقىللىق جاكارلىغان ـــ رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇلغان. ئۆتكەن تۆت يىلدا، خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ مېڭىسىنى يۇيۇش، ئۇلارنى قىيناش ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئارقىلىق ئۇلارغا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىدېئولوگىيەسىنى قوبۇل قىلغۇزۇش ئۈچۈن «تەربىيەلەش مەركىزى» نامىدىكى جازا لاگېرلىرىنى قۇرۇپ چىقتى.

ئۇزۇندىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا ياشاپ كەلگەن بىر قىسىم قازاق ۋە قىرغىزلارمۇ بۇ لاگېرلارغا سولاندى. ئۇلارنىڭ سىستېمىلىق قىيناش، مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك قاتارلىق قىسمەتلەرگە دۇچ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر شەرقىي تۈركىستاندا قولغا ئېلىنغانلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ياكى بۇ لاگېرلاردىن قېچىپ قۇتۇلالىغان بىر قىسىم كىشىلەر ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىگە

يېتىپ كەلدى. گەرچە بۇ دۆلەتلەردە پات ـ پات كەڭ كۆلەملىك ئاممىۋى نامايىشلار ئۆتكۈزۈلۈپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى خىتايغا قارشى قاتتىق پوزىتسىيەسىنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئۈندىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ نامايىشلار مەزكۇر ھۆكۈمەتلەرگە ھېچقانچە تەسىر كۆرسىتەلمىدى.

### خىتايغا قارشى نامايىشلار

قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاندا ئىلگىرىمۇ خىتايغا قارشى نامايىشلار بولغانىدى. 2009 ـ ۋە 2016 ـ يىللىرىلا، قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ نۇرغۇن يەرلەرنى خىتاينىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلىرىغا ئىشلىتىشى ئۈچۈن ئىجارىگە بەرمەكچى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر تارقالغاندىن كېيىن، قازاقىستاندا چوڭ كۆلەملىك نارازىلىق نامايىشلىرى پارتلىغانىدى. 2011 ـ يىلى، جاناۋزېندا نېفىت ئىشچىلىرى بىلەن قازاقىستان قانۇن ئىجراچىلىرى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىپ، بىر نەچچە ئادەم ئۆلدى. خىتاينىڭ CITIC شىركىتى شۇ جايدىكى نېفىتلىككە مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلار قازاق ئىشچىلارغا كەمسىتىش خاراكتېرلىك (تۆۋەن) ئىش ھەققى بەرگەنلىكى ئۈچۈن تەكشۈرۈلگەن. تېخىمۇ يېقىندا، يەنى 2020 ـ يىلى، خىتاينىڭ نۇر ـ سۇلتاندىكى باش ئەلچىخانىسى قازاقىستاننىڭ بىر قانچە شەھەرلىرىدە خىتاي ۋىرۇسى ۋاباسىنىڭ تېخىمۇ ئەدەپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا ئاشكارا تالاش ـ تارتىش قوزغىدى. بۇ ئېنىقلا ۋۇخەن ۋىرۇسى توغرىسىدىكى نارازىلىق ـ شىكايەتلەرنىڭ تىغ ئۇچىنى خىتايدىن باشقا دۆلەتلەرگە بۇرىۋېتىش ئۇرۇنۇشىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ئەينى چاغدا، خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرى قازاقىستان سەھىيە مىنىستىرى تەرىپىدىن دەرھال ئىنكار قىلىنغانىدى.

بۇنىڭغا ئوخشاش نامايىشلار قىرغىزىستاندىمۇ پات ـ پات يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئەڭ يېقىنقى مىساللىرىدىن بىرى، 2020 ـ يىلى 4 ـ ئۆكتەبىردىكى پارلامېنت سايلىمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ دۆلەتتىكى خىتاي شىركەتلىرى نامايىشچىلارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىدى. خىتاي 2018 ـ يىلىنىڭ بېشىدا قىرغىزىستاندا ئۈزلۈكسىز قاتتىق تەنقىدكە ئۇچرىغانىدى، چۈنكى ئەينى ۋاقىتتا خىتايغا 386 مىليون دوللار بېرىش بەدىلىگە ئۆزگەرتىپ ياسالغان ئىسسىقلىق ۋۇۋۇتى ئېلېكتر ئىستانسىسى قەھرىتان سوغۇقتا تۇيۇقسىز ئىشتىن توختاپ قالغان ھەمدە بۇ ۋەقە مەزكۇر رايوندىكى خىتاي شىركەتلىرىنىڭ چىرىكلىكى ۋە مۇھت بۇلغاش قىلمىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار مەسىلىلەرنى سۆرەپ چىققانىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا پۇقرالىرى خىتاينىڭ مالىيە، تاۋار، ئىشچى ۋە نوپۇزىنىڭ يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشى نەتىجىسىدە، رايوننىڭ ئىقتىسادىي جۇغراپىيەسىنى ئۆزگەرتكەنلىكىگە شاھىت بولدى. كىشىلەر خىتاينىڭ بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىستراتېگىيە، كۇلتۇرەل ۋە ھەربىي ساھەلىرىدە تېز سۈرئەتتە كېڭىيىۋاتقانلىقىدىن تەشۋىشلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى.

لېكىن، بۇ خىل ئېتىراز ۋە نامايىشلار بېيجىڭغا ئاساسەن تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. ئىسلام كەرىموف دەۋرىدە خىتاينىڭ مەبلىغى ۋە تەسىرىگە بىر مەھەل ئىشىك ئاچمىغان ئۆزبېكىستان بۇنىڭ ئەڭ روشەن دەلىلىدۇر. 2016 ـ يىلى شەۋكەت مىرزىيويېف ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۆزبېكىستان خىتاينىڭ مەبلەغ سېلىشىنى ئاشكارا قارشى ئېلىشقا باشلىدى.

## خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىخەتەرلىك ئىشلىرىغا قول تىقىشى

خىتاي ئۆزىنىڭ بۇ رايوندىكى بىخەتەرلىككە ئالاقىدار پائالىيەتلىرىنى كۈچەيتىشكە بارغانسېرى ئەھمىيەت بەرمەكتە. خىتاينىڭ مەزكۇر رايوندىكى بىخەتەرلىك جەھەتتىكى مەۋجۇتلۇقىنىڭ كۈچەيگەنلىكى بازا قۇرۇش، بىرلەشمە مانېۋىر ئۆتكۈزۈش ۋە خىتاينىڭ خىتاي ـ ئافغانىستان چېگراسىغا يېقىن جايدىكى تاجىكىستان ئەسكەرلىرىنى ھەربىي ئەسلىھەلەر بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق تېخىمۇ ئوچۇق كۆرسىتىشى قاتارلىقلار بىلەن بارغانسېرى گەۋدىلەنمەكتە. 2019 ـ يىلى خىتاينىڭ تاجىكىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستان قوشۇنلىرى بىلەن بىرلەشمە مەشىق قىلغانلىقى توغرىسىدا خەۋەرلەر تارقالدى. بۈگۈنكى كۈندە، خىتاي ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەربىي لاۋازىمات سېتىۋېلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ تەخمىنەن 18 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، ھالبۇكى ئالدىنقى ئون يىلنىڭ بېشىدا بۇ نىسبەتەن ئارانلا بىر پىرسەنت ئىدى.

جەنۇب تەرەپتە ئافغانىستان بىلەن 1300 كىلومېتىرلىق ئورتاق چېگراغا ئىگە تاجىكىستاندا، خىتاينىڭ بىخەتەرلىككە ئالاقىدار مەۋجۇتلۇقى ئانچە زور بولسىمۇ، بارغانسېرى كۈچىيىۋاتىدۇ. 2019 ـ يىلىدىكى بىر قانچە خەۋەرگە كۆرە، خىتايغا «تاجىكىستان ـ ئافغانىستان چېگراسىنىڭ تاجىكىستان تەرىپىگە (يەنى تاجىكىستان زېمىنىغا) ئوتتۇزدىن قىرىققىچە قاراۋۇلخانىنى يېڭىلاپ ئىشلىتىش ياكى يېڭىدىن قاراۋۇلخانا ياساش ھوقۇقى» بېرىلگەن.

## رۇسىيە بىلەن خىتاي ئوتتۇرا ئاسىيادا

رۇسىيە ئەزەلدىن ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆزىنىڭ «يېقىن قوشنىسى» ۋە نوپۇز دائىرىسىنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراپ كەلگەن، ئەمما بېيجىڭنىڭ زور ئىقتىسادىي كۈچ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى بۇ رايوندىكى تەڭپۇڭلۇقنى كۆرۈنەرلىك ئۆزگەرتىپ، قايتىدىن تەشكىللىنىشنىڭ يېڭى دەۋرىنى باشلىدى.

گەرچە رۇسىيە بىلەن خىتاينىڭ مەۋقەسى ئومۇمىي جەھەتتىن ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما رۇسىيە خىتاينىڭ مەزكۇر رايوندىكى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان مەۋجۇتلۇقىغا ھەزەر ۋە شۈبھە بىلەن قارىماقتا. رۇسىيە دەسلەپتە يېڭى ئېنېرگىيە پروجېكتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، خىتاينىڭ يېتەكچىلىكىدىكى تەشەببۇسلارنى چەتكە قېقىش ۋە «ياۋرو ـ ئاسىيا ئىقتىسادىي ئىتتىپاقى»دىن ئىبارەت (خىتاي قاتناشتۇرۇلمىغان) ئۆزىگە تەۋە ئىقتىساد گۇرۇھىنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەزكۇر رايوندىكى «ئەڭ غوللۇق ئىقتىسادىي كۈچ»لۈك ئورنىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنۇش ئارقىلىق، خىتاينىڭ مەزكۇر رايوندىكى

**بارغانسېرى كېڭىيىۋاتقان تەسىرگە زەربە بەرگەندى. ئەمما، رۇسىيەنىڭ قىرىمنى يۇتۇۋېلىشى ۋە 2014 - يىلى ئۇكرائىنانىڭ شەرقىدىكى ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشىدىن تارتىپ، رۇسىيەگە قارىتىلغان ئېمبارگولارنىڭ كۈچىيىشى ۋە غەرب بىلەن بولغان ھاڭنىڭ كېڭىيىشى «ياۋرو - ئاسىيا ئىقتىسادىي ئىتتىپاقى»نىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلدى - دە، بۇ رۇسىيەنى خىتاي بىلەن تېخىمۇ ئەمەلىي مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا (باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈكىنى ئېتىراپ قىلىشقا) مەجبۇر قىلدى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، 2014 - يىلىنى خىتاي - رۇسىيە ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى دېيىشكە بولىدۇ.**

**ئوتتۇرا ئاسىيادا، رۇسىيە خىتاينىڭ ئىقتىسادىي «غوجىئاكىلىقى»نى ئېتىراپ قىلىشقا باشلىغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ بۇ رايوندىكى ۋەزنى ۋە كونتروللۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشقا ئۇرۇنىدى. گەرچە خىتاي مەزكۇر رايوندىكى ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۈچ بولالىشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما رۇسىيە «كوللېكتىپ بىخەتەرلىك شەرتنامىسى تەشكىلاتى» دېگەندەك سىياسىي، بىخەتەرلىك ۋە ھەربىي مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىق بۇ رايونغا ئاتامانلىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.**

**خۇلاسە**

**گەرچە خىتاي ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىقتىسادىي مەۋجۇتلۇقىنى كۈچەيتىشكە ھېرىسمەن بولسىمۇ، ئەمما رايوندىكى بارلىق دۆلەتلەرنىڭ بۇنى خالىشى ناتايىن. «ئوتتۇرا ئاسىيا بارومېتىرى» دېگەن ئىجتىمائىي تەتقىقات مەركىزىنىڭ 2020 - يىلىدىكى تەتقىقاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار خىتاينىڭ بۇ رايوندىكى مەۋجۇتلۇقىدىن بارغانسېرى بىئارام بولماقتا ئىكەن. خىتاي مەبلەغ سالغۇچىلىرىغا بولغان نارازىلىق خېلىدىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاندا، ئايرىم - ئايرىم ھالدا يەتتە پىرسەنت ۋە توققۇز پىرسەنت ئاھالە ئۆز دۆلىتىنىڭ خىتاينىڭ ئېنېرگىيە ۋە ئۇل مۇئەسسەسە تۈرلىرىنى «كۈچلۈك قوللايدىغان»لىقىنى بىلدۈرگەن.**

**خىتاي بىلەن بىۋاستە چېگرالانمايدىغانلىقى جەھەتتە قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاندىن پەرقلىنىدىغان ئۆزبېكىستاندا، يەرلىك خەلقتىكى خىتاينىڭ مەبلەغ سېلىشىغا بولغان قىزغىنلىق (يۇقىرىقى ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭكىگە) نىسبەتەن كۈچلۈك بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەردىمۇ خىتايغا بولغان گۇمانسىراشلار كۈچەيمەكتە. خىتاينىڭ مەبلەغ سېلىشىنى «كۈچلۈك قوللايدىغان» ئۆزبېكلەرنىڭ نىسبىتى 2019 - يىلى 65 پىرسەنت بولغان بولسا، 2020 - يىلى 48 پىرسەنتكە تۆۋەنلىگەن.**

**ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى خىتاينىڭ بۇ دۆلەتلەردىكى مەۋجۇتلۇقىدىن كېلىپ چىقىدىغان كەڭ دائىرىلىك ئىستراتېگىيەلىك ۋە بىخەتەرلىك خىرىسلىرىغا ئانچە بەك كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۇلار كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۆزلىرى شاھىت بولغان ئىقتىسادىي گۈللىنىشكە ئىشتىراك قىلىشنىڭ كويىدا. خىتاينىڭ (ئىشغالىيەت ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستان ئارقىلىق) ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بولغان تەبىئىي چېگراسى ئۇنىڭ ھەمىشە مەزكۇر رايونغا كۈچلۈك قىزىقىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا زور تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.**

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://www.orfonline.org/expert - speak/china - central - asia - relations - an - /uneasy - co - existence



# كەنتمىزدىكى تۇنجى خىتاي

ئىلشات هەسەن

# يېزىمىزدىكى تۈنجى ختاي

ئىلشات ھەسەن

**(ئىلشات ھەسەننىڭ «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ ختايچە سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنغان**
**شۇ ناملىق ماقالىسىدىن تەرجىمە قىلىندى)**

**مېنىڭ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن يۇرتۇم ـــ چۇلۇقاي يېزىسى غۇلجا شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا مايىل شەرق تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، غۇلجا شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن ئوتتۇز نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ. چۇلۇقاي يېزىسىغا يانداشقان چۇلۇقاي دەرياسى تەڭرىتاغ جىلغىلىرىنى بويلاپ چۈشۈپ، شەرقتىن غەربكە، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ، ئەگرى ـ بۈگرى ئاققىنىچە، غۇلجا شەھىرىگىچە سوزۇلاتتى. ئەتراپىنى تاغ ـ دەريالار قورشاپ تۇرغىنى ئۈچۈن، بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى ئالاھىدە گۈزەل ئىدى.**

**تەڭرىتاغ چوڭ جىلغىسىغا جايلاشقان چۇلۇقاي يېزىسىدا سۇلار شىرىلداپ ئېقىپ تۇراتتى، ئوت ـ چۆپلەر بولۇق ئۆسكەن بولۇپ، تاغ ئېتىكىدە سۈپسۈزۈك سۇلىرى بۇلدۇقلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان سان ـ ساناقسىز بۇلاقلار بار ئىدى. گەرچە، قىشتا يېزىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاغلارنى ئاپئاق قارلار قاپلاپ تۇرسىمۇ، ئەمما تاغ ئېتىكى ئۇنچىۋالا سوغۇق ئەمەس ئىدى، دەريا سۈيىمۇ كۆپىنچە ۋاقىتتا مۇز تۇتمايتتى. ياز پەسلىدە بولسا، چۇلۇقاي يېزىسى بۈك ـ باراقسان يېشىللىققا پۈركىنىپ، مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ خۇش ھىدىنى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ھاۋاسىمۇ سالقىن ئىدى. شۇ ۋەجىدىن، بۇ يەر بىر مەھەل غۇلجا شەھىرىدىكى مۆتىۋەرلەرنىڭ يازلىق ئارامگاھىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.**

**مەن 1970 ـ يىللارنىڭ بېشىدا چۇلۇقاي يېزىسىدىن ئايرىلغانغا قەدەر، گەرچە ئۇيغۇرلار ئومۇمەن نامراتلىق ئىلكىدە ياشىسىمۇ، لېكىن چۇلۇقايدىكى ھەممە ئائىلىنىڭ چوڭ ـ كىچىك باغۋارانلىرى بولغاچقا، يازدا يېڭى مېۋە ـ كۆكتاتلار، قىشتا ھەرخىل قۇرۇق مېۋىلەر ئۈزۈلمىگەچكە، يېزىدىكىلەر يەنىلا ئاچ قالماي، قەدىر ئەھۋال ياشايتتى.**

**بوۋامنىڭ بېغى تولىمۇ چوڭ ئىدى، ھەتتا باغنىڭ ئىچىدە بىر ئۆستەڭ ئېقىپ ئۆتەتتى. يازدا مېۋىلەر پىشىپ مەي بولغاندا، بىز باللارغا بايرام بولاتتى. قورسىقىمىز ئاچسا، خالىغان بىرەرسىنىڭ بېغىغا كىرىپ، دەرەخلەرگە يامىشىپ، مېۋىلەرنى ئۈزۈپ يەيتتۇق. ياكى قايسىدۇر بىر ئۆيدىكى ئاپاشتىن بىرەر تال نان**

سوراپ، يولدا يەپ ماڭاتتۇق. ئۇسسساق، دەريا بويىغا ياكى بۇلاق بويىغا بېرىپ، ھەم سوغۇق، ھەم لەززەتلىك تاغ سۈيىنى ئىچەتتۇق.

ئەينى چاغدا، تاكى 1960 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغىچە، چۇلۇقايدىكى ئومۇمىي نوپۇس ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. نەچچە ئون ئۆيلۈك قازاقلارنى ۋە بىر ـ ئىككى ئائىلە تۇڭگانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ئىدى. پۈتۈن يېزا تەۋەسىدە بىرمۇ خىتاي يوق ئىدى. شۇ ۋەجىدىن، ئۇيغۇر تىلىنى يېزىمىزدىكى ئورتاق تىل دېيىشكە بولاتتى، كىشىلەر ئارىسىدا ھېچقانداق ئۆرپ ـ ئادەت پەرقى يوق ئىدى.

يېزىدىكى بىر قانچە ئۆيلۈك تۇڭگانلارمۇ ئۇيغۇرچىنى سۇدەك راۋان سۆزلەيتتى. بوۋامنىڭ ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرىدىغان، تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپىدا خىزمەت قىلىدىغان بىر ئائىلە تۇڭگانلار ئۆي بويىچە ئۇيغۇرچە سۆزلەيتتى. ئۇلارنىڭ ئوغلى ۋالى بىز بىلەن بىللە، ئۇيغۇرچە مەكتەپتە ئوقۇيتتى. بىز بالىلارنىڭ نەزىرىدە، ئۇلار بىزگە ئوخشاش ئىدى، بىزگە ئوخشاش تىلدا سۆزلەيتتى، بىزگە ئوخشاش تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئېھتىمال، شۇ مەزگىللەردە چوڭلارمۇ، بالىلارمۇ ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ياكى ئەمەسلىكىنى ئويلاپ يۈرمىگەن بولسا كېرەك.

چۇلۇقاي يېزىسىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا، مەن بىلگەن، كۆرگەن تۇنجى خىتاي لى فامىلىك سېكرېتار ئىدى. لى سېكرېتارنىڭ ئىسمىنىڭ نېمىلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇنىڭ كوپېراتسىيەنىڭ سېكرېتارى ياكى غۇلجا ناھىيەسىنىڭ سېكرېتارى ئىكەنلىكىنىمۇ ھېچكىم بىلمەيتتى. ئېھتىمال ئۇ غۇلجا ناھىيەسىدە تۇرسا كېرەك، ئىشقىلىپ يېزىدا تۇرمايتتى.. ئۇ پەقەت ھەر قېتىم يىغىن ئېچىلغاندا جىپ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ كېلەتتى ۋە يىغىندا سۆز قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قانداق جىددىي كەلگەن بولسا، شۇنداق جىددىي كېتىپ قالاتتى. ئۇ ئۇيغۇرچە بىلمىگەچكە، ھەر قېتىم گەپ قىلسا، چوقۇم بىر ئۇيغۇر ئۇنىڭغا تەرجىمانلىق قىلاتتى.

بۇنىڭدىن سىرت، بىز پەقەت غۇلجىدا ۋە يىراق چېگرادىكى ھەربىي قىسىم بىلەن «ئىش ـ قۇر قىسىملىرى» (بىڭتۈەن)دا خىتايلار بارلىقىنى ئاڭلايتتۇق ـ يۇ، ئۇلارنىمۇ يېقىندىن كۆرۈپ باقمىغاندۇق. بىر قانچە قېتىم، دالا مەشىقىگە چىققان «خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى»نىڭ ئەسكەرلىرى كەنتىمىزنىڭ ئۇدۇلىدىكى تاغدىن ئۆتكەندە، بىز كىچىك بالىلار (ئۇلارنى كۆرۈش ئۈچۈن) بېرىپ بولغۇچە، ئۇلار ئاللىقاچان كۆزدىن غايىب بولغانىدى. شۇ ۋەجىدىن، ئەينى چاغدىكى چۇلۇقايلىقلارغا نىسبەتەن، خىتايلار تولىمۇ ناتونۇش كىشىلەر ئىدى.

ئالاھەزەل 1960 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى بولسا كېرەك، يېزىدا تىلەمچىلىك قىلىدىغان بىر خىتاينىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقى توغرىسىدا گەپ تارقالدى. ئۇنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنى، قەيەردىن كېلىپ قالغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. دەسلەپتە، ئۇ ئۇيغۇرچىنى چالا ـ بۇلا سۆزلەيتتى. لېكىن، يېزىدىكى

ئۇيغۇرلارنى ئەڭ ھەيران قالدۇرغىنى ۋە قىزىقتۇرغىنى شۇ ئىدىكى، ئۇ مۇسۇلمان تىلەمچىلەرگە ئوخشاش قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىشنى بىلەتتى، ھەتتا نېمىلەرنىدۇر ئوقۇپمۇ قوياتتى.

بوۋامنىڭ ئۆيى چۆلۇقاي يېزىسىدىكى چوڭ يولنىڭ بويىدا بولۇپ، ھويلىنىڭ ئىشىكى يولغا قارايتتى. يولنىڭ قارشى قاسنىقىدا بىر دەريا، دەريانىڭ يەنە بىر تەرىپىدە بىر قانچە ئۆيلۈك ئۇيغۇرلار ۋە تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى بار ئىدى. ئۇ چاغلاردا، ئۇيغۇرلارنىڭ ھويلىلىرىنىڭ دەرۋازىلىرى ئوچۇق تۇراتتى. ئىشىكمۇ يوق ئىدى. مال ـ چارۋىلارنىڭ قالايمىقان ئۆسۈپ كىرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈنلا، دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تۈۋرۈككە بىر قانچە تال كالتەك چېتىپ قويۇلاتتى.

چوڭ يول تەرەپتىن كىرگەندە بوۋىلارنىڭ كەڭرى ھويلىسى كۆزگە چېلىقاتتى. ھويلىنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئۈزۈم بارىڭى ۋە ئۈچ تەرىپى يېرىم ئېتىلگەن سۇپىسى بار ئىدى. چۆلۇقايدا ھەممىلا ئۇيغۇر ئائىلىسىدە دېگۈدەك سۇپا بار بولۇپ، يازدا ناشتا قىلىش، تاماق يېيىش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلەتتى. ئۆيىمىزنىڭ سۇپىسى بىۋاستە چوڭ يولغا قاراپ تۇرىدىغان بولۇپ، چوڭ يولدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر كۆرەلەيتتى. شۇ سەۋەبتىن، ناشتىدا ياكى كەچلىك تاماق ۋاقتىدا، يولدىن ئۆتكەنلەر بوۋامغا سالام قىلاتتى. بەزىدە بوۋاممۇ ئۇلارنى بىللە چاي ئىچىپ، تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلاتتى.

ئېسىمدە قېلىشىچە، بىر كۈنى ناشتا قىلىۋاتاتتۇق. ھويلىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ يېنىغا بىر تىلەمچى كېلىپ قالدى. ئۇ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىۋاتقاندەك ۋە يەنە باشقا نېمىلەرنىدۇر دەۋاتقاندەك قىلاتتى. بوۋام ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ، كۈلۈمسىرىگىنىچە: «ساھىل («تىلەمچى»نىڭ سىلىق نۇسخىسى) ئىكەن، ئۇنى باشلاپ كىرىڭلار، بىرەر چىنە قىزىق چاي ئىچىپ، قورسىقىنى تويغۇزۇۋالسۇن» دېدى.

تاغام ئىككىمىز چىقىپ، ئۇنى سۇپىغا باشلاپ كىردۇق. ئەمما، ئۇ ئۇيغۇر ئەمەس ئىدى. لېكىن، بوۋام يەنىلا تەبەسسۇم قىلغىنىچە ئۇنى يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. مومام ئۇنىڭغا ھورى ئۆرلەپ تۇرغان بىر چىنە ئەتكەن چاي سۇندى. ئۇ بىر تەرەپتىن چاي ئىچكەچ، يەنە بىر تەرەپتىن چالا ـ بۇلا ئۇيغۇرچىسى بىلەن كەچمىشىنى سۆزلەشكە باشلىدى. مەن ئۇنىڭ گەپلىرىنى پەقەتلا چۈشىنەلمىدىم. كېيىن، بوۋامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇ دەل ھېلىقى يېزىمىزغا پەيدا بولۇپ قالغان خىتاي تىلەمچى شۇ ئىكەن. بوۋام ماڭا ئۇنىڭ ئۆيىمۇ، خىزمىتىمۇ، نوپۇسىمۇ يوق بولغاچقا، تولىمۇ بىچارە بولۇپ قالغانلىقىنى دەپ بەرگەنىدى.

خىتاي تىلەمچى ئەتكەن چايغا نان تۇغۇرۇپ يەپ بولغاندىن كېيىن، بوۋام دۇئاغا قول كۆتۈرۈۋىدى، ھېلىقى تىلەمچىمۇ بىز بىلەن بىللە قولىنى كۆتۈردى. بوۋام بۇنىڭدىن ھەم ھەيران قالدى، ھەم خۇشال بولۇپ كەتتى ھەمدە شۇنىڭدىن كېيىن خېلى كۈنلەرگىچە: «كۆرمەمسىلەر، بىر خىتاي جېنىدا بىزنىڭ دۇئايىمىزنى ئۆگىنىۋاپتۇ» دەپ يۈردى.

بۇ خىتاي بۈگۈنى بۇنىڭ، ئەتىسى ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ يۈرۈپ، چۆلۇقايلىق ئۇيغۇرلارنىڭ دائىمىي مېھمىنىغا ئايلىنىپ قالدى ۋە ئۇيغۇرچە سەۋىيەسىمۇ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن، كىشىلەر

ئۇنىڭ كېسەل داۋالىيالايدىغانلىقىنى بايقاشتى ۋە ئۇ بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ كېسىلىنى كۆرۈشكە باشلىغاندىن كېيىن، كىشىلەرنى ئۇنى «لى دوختۇر» دەپ ئاتاشقا باشلىدى.

كېيىن، چوڭلاردىن ئاڭلىشىمچە، «لى دوختۇر» ئەسلىدە خىتاينىڭ قايسى بىر يېرىدە دوختۇر ئىكەنمىش. كېلىپ چىقىشى سەۋەبلىكمۇ ئەيتاۋۇر، «قارا بەش خىللار» (ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى «پومېشچىك، باي دېھقان، ئەكسىلئىنقىلابچى، بۇزۇق ئۇنسۇر، ئوڭچى» دەپ بېكىتىلگەن بەش تۈرلۈك كىشىلەر، ت) قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنىكەن. لى دوختۇر زىيانكەشلىكلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەي، خوتۇن ـ باللىرىنى تاشلاپ، پىيادە مېڭىپ، پويىزلارغا يامىشىپ دېگەندەك، مىڭبىر جاپادا خىتاي زېمىنىدىن بىزنىڭ غۇلجىغا، ئەڭ ئاخىرىدا چۆلۈقايغا كېلىپ قالغانىكەن.

يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن، يېزىدىكى چوڭلارنىڭ ھەيدەكچىلىك قىلىشى نەتىجىسىدە، يېزا كادىرلىرى يېزىنىڭ تاغقا يېقىن يېرىدىن لى دوختۇرغا بىر پارچە يەر بۆلۈپ بەردى. لى دوختۇرمۇ ئۆيلۈك بولۇپ قالغاچقا، تىلەمچىلىك قىلماس بولدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇ بىر ـ ئىككى يىل ئىچىدىلا تامامەن ئۇيغۇرلىشىپ، چۆلۈقاي ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى. ئۇ ئۇيغۇرچىنى سۇدەك سۆزلەيتتى، ئۇيغۇرلار بىلەن ئارىلىشاتتى ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە «دۇئا» قىلاتتى.

ئارىدىن يەنە بىر ـ ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، لى دوختۇر خوتۇن ـ باللىرىنىمۇ يېنىغا ئەكېلىۋالدى. كېيىن، شۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمۇ كېلىشكە باشلىدى. مەن يۇرتتىن ئايرىلىدىغان چاغدا، چۆلۈقايدىكى خىتايلار ئەسلىدىكى يالغۇز لى دوختۇردىن كۆپىيىپ، ئالتە ـ يەتتە ئائىلە بولۇپ كەتكەنىدى. لېكىن، لى دوختۇرنىڭ ئىلگىرىكىدەكىلا ئۇيغۇرلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان بىر قانچە ئۆيلۈك خىتاينىڭ ئۇيغۇرچە ئۆگىنىشكە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىغا سىڭىپ كىرىشكە رەغدى يوقتەك قىلاتتى. ئەكسىچە، ئۇلار ئۆز ئالدىغا بىر مەھەللە شەكىللەندۈرگەنىدى.

ئاتالمىش «ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش» مەزگىلىگە كەلگەندە، چۆلۈقايدىكى خىتايلار ئەسلىدىكى لى فامىلىك تىلەمچى دوختۇردىن كۆپىيىپ، رەسمىي «خىتاي كەنتى»نى شەكىللەندۈرۈشتى. يەنە كېلىپ، بۇ خىتايلار ئۆزلىرىدىكى سىياسىي ھوقۇق، پۇل ۋە ئۇچۇر ئەۋزەللىكى سەۋەبلىك، تېز سۈرئەتتە بېيىپ كېتىشتى. شۇنداقلا، خىتاي كۆچمەن (كەلگۈندى)لەرنىڭ يەرلىرى بارغانسېرى كېڭىيىپ، ئۆيلىرى بارغانسېرى چوڭايدى. گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي شارائىتىمۇ ئومۇمەن ياخشىلىنىشقا يۈزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن، تۈرلۈك توسالغۇلار ئەسلىدىكىدىنمۇ كۆپەيگەچكە، بىر قىسىم كىشىلەر تېخىمۇ نامراتلىشىپ كەتتى.

يېزىدىكى خىتاي كەنتىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت، ساقچىخانا، باجخانا قاتارلىق جايلاردىكى خىتاي ئەمەلدارلارمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى. يېزا ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەر خىل يوقلاڭ ئىشلارنى تېپىپ، بۈگۈنى پىلانلايمىز دېسە، ئەتىسى تەرەققىي قىلدۇرىمىز دەپ خەلقنى بىسەرەمجان قىلىشى نەتىجىسىدە، نەچچە يىل ئىچىدىلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرى بارغانسېرى ۋەيرانلىشىپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلادمۇ

داۋاملىشىپ كەلگەن باغلارنىڭ كۆلىمى بارغانسېرى كىچىكلەپ كەتتى. بوۋامنىڭ بېغىمۇ بۆلۈشۈلۈپ، ئالقانچىلىك قىسمى ئۆزىمىزگە قالدى.

1990 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا يۇرتقان تۇغقان يوقلاپ بارغىنىمدا، لى دوختۇرنىڭ بىر ئوغلىنىڭ يېزىلىق پارتكومغا سېكرېتار بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. گەرچە ئۇ ئۇيغۇرچىنى راۋان سۆزلىيەلىسىمۇ، ئەمما كۆپىنچە ۋاقىتلاردا خىتايچە سۆزلەپ، گېپىنى تەرجىمان ئارقىلىق ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدۇرىدىكەن. ئۇنى ھالى تولىمۇ ئۈستۈن بولۇپ، دادىسىنىڭ ئەينى يىللىرى تىلەمچىلىك قىلغان چاغلاردىكى كىچىك پېئىل ۋە بىچارە ھالىتىدىن ئەسەرمۇ يوقمىش.

1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، غۇلجىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىنچ نامايىشى قانخورلارچە باستۇرۇلغاندىن كېيىنكى (يەنى 1998 ـ) يىلى چۆلدەرەپ قالغان چۇلۇقايغا كەلدىم. بىر كۈنى، كىچىكىمىزدە بىللە ئويناپ چوڭ بولۇپ، كېيىن كەنت باشلىقى بولغان ئاكىمىزدىن: «لى دوختۇرنىڭ ئوغلى قانداقراق؟ ئۇيغۇرلارغا خېلى ياخشى مۇئامىلە قىلىۋاتقاندۇ ھەقاچان؟» دەپ سورىدىم.

ئۇ ئاكىمىز: «ئىنىم، ئۇ نېمىلا دېمىگەن بىلەن خىتاي ئەمەلدار ئەمەسمۇ؟ خىتاي ئەمەلدارلارنىڭ قايسىبىرى ئۇيغۇرلارغا ياخشىلىق قىلىپ باققان دەيسىز؟ قارىغاندا، بىز ئۇيغۇرلار بەكلا ئاق كۆڭۈل، زىيادە مېھماندوست خەق ئىكەنمىز. بەزىدە تولىمۇ ئاددىي ـ ساددا بولغانلىقىمىز سەۋەبلىك، باشقىلار بىزنى ئەخمەق كۆرۈپ قالىدىغان ئوخشىمامدۇ؟ دەپمۇ قالىمەن. سىزمۇ كۆردىڭىز، چۇلۇقاي ھازىر سىز كۆرۈپ چوڭ بولغان، تاغلىرى يېشىل، سۇلىرى سۈزۈك، ئۇيغۇرلارلا بار يېزا ئەمەس. ياخشى كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى» دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، چۇلۇقايغا يەنە بىر قانچە قېتىم قايتتىم. ئەمما، ھەر قېتىملىق سەپىرىم ئانچە كۆڭۈللۈك ئەمەس ئىدى. ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، ئاخىرقى قېتىم چۇلۇقايغا بارغىنىمدا، چۇلۇقاي دەرياسى قۇرۇپ، دەريا قىنى ئېچىلىپلا قالغان، ھەممە يېرىنى تاش ـ شېغىل قاپلاپ كەتكەنىدى. ئوت ـ چۆپ، دەل ـ دەرەختىن ئەسەر يوق، بولاقلارنىڭمۇ مۇتلەق كۆپ قىسمى تىنىپ كەتكەنىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلىشىمچە، دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىندا سۇ ئامبىرى ياسىلىپ، يېقىن ئەتراپقا زاۋۇت قۇرۇلماقچى بولغانلىقتىن، دەريا سۈيى توسۇۋېتىلگەنىكەن. يېزىدىكىلەر تولىمۇ يىراقتىكى تاغ تۆۋىدىكى بۇلاقتىن سۇ ئەكېلىشكە مەجبۇر بولغان بولۇپ، چۇلۇقايلىقلارنىڭ ئىچىملىك سۇ تېپىشى بىر مەسىلىگە ئايلانغانىدى.

چەتئەلگە چىققاندىن كېيىن، بالىلىق چاغلىرىمدىكى دوست ـ بۇرادەر، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇش ئۈچۈن، تاغامغا بىر قانچە قېتىم تېلېفون قىلغانىدىم. لېكىن، تاغامغا ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىغا بىر قانچە قېتىم پوسۇلكا ئەۋەتكەندىن كېيىنلا، تاغام بىلەن زىنھار ئالاقىلىشالمىدىم. كېيىن، چوڭ سىڭلىمدىن ئاڭلىسام، تاغامنىڭ ئوغلى (مەن ئامېرىكادىن سالغان) پوسۇلكىنى ئالغىلى بارغاندا،

ساقچىخانىدىكىلەر تۇتۇۋېلىپ، قاتتىق ئۇرۇۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، مەنمۇ قايتا تېلېفون قىلماس بولدۇم، چۈلۈقاي توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى.

يېقىندا، باشقىلاردىن ئاڭلىشىمچە، بىر نەچچە يىل ئىلگىرى «چىڭخۇا ئېنېرگىيە گۇرۇھى» چۈلۈقايدا دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ تىپتىكى خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى قۇرۇپ، نەچچە مىڭ خىتاي ئىشچى قوبۇل قىپتۇ. يەنە كېلىپ، بۇ زاۋۇتنىڭ يۇندىلىرى ئۇدۇللا (سۈيى توختىتىۋېتىلگەن) چۈلۈقاي دەرياسىغا قۇيۇۋېتىلىدىكەن.

مەن چوڭ بولغان چۈلۈقاي يېزىسى كەلمەسكە كەتكەندى.

خىتايچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.rfa.org/mandarin/pinglun/jujiaoweiwuer/ylxt-10222021154249.html



# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

## مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر

(2021-يىلى 12 – ئاينىڭ 28 – كۈنىدىن 2022 -يىلى 1 – ئاينىڭ 28 - كۈنىگىچە)

# ئايلىق خەۋەر

**(2021 ـ يىلى، 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىن، 2022 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىگىچە)**

## ھىندىستان بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى جىددىيلىك داۋاملاشماقتا

**«japan ـ forward» تورىنىڭ 28 ـ دېكابىردىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، گەرچە خىتاي ئۆزىنىڭ ھىندىستان چېگراسىغا يېقىن جايدىكى توقۇنۇش يۈز بېرىۋاتقان جايلارنىڭ بەزىلىرىدىكى ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى توقۇنۇش ۋە جىددىيلىك ھېلىھەم داۋام قىلىۋاتقان بولۇپ، ئالدىنقى يىلى خىتاي ھەتتا ھىندىستانغا تەۋە زېمىندا يېڭىدىن بىر كەنت بەرپا قىلغان.**

**ئەمما، ئىككىنىڭ كىشىنى تەشۋىشلەندۈرىدىغان تەرىپى شۇكى، 2021 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ھىندىستاننىڭ خىتايغا قارىتا پاسسىپ تىجارەت بالانسى (يەنى خىتايدىن قىلىنغان ئىمپورتىنىڭ خىتايغا قىلىنغان ئېكسپورتتىن ئېشىپ كەتكەن قىسمى) 56.12 پىرسەنت ئېشىپ، 28 مىليارد 100 مىليون دوللارغا يەتكەن. يەنى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى جىددىيلىككە قارىماستىن، ھىندىستان ـ خىتاي سودا مۇناسىۋىتى، بولۇپمۇ ھىندىستاننىڭ تىجارەتتە خىتايغا بېقىنىش سالمىقى يەنىلا ئاجىزلاشمىغان.**

**مەزكۇر ماقالىدە يەنە «ياپونىيە چوقۇم ھىندىستاندىن ئىبرەت ئېلىپ، خىتاي بىلەن بولغان تىجارەت مۇناسىۋەتلىرىنى كۆچەيتكەنگىلا، خىتاينىڭ ھەربىي خىرىسى ۋە <زېمىن قايتۇرۇۋېلىش> ئۇرۇنۇشىنىڭ توختاپ قالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتىشى كېرەك» دېيىلگەن.**

## خىتاي دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدا ئېغىر ئىناۋەت كىرىزىسىگە دۇچ كەلمەكتە

**«گېرمانىيە ئاۋازى» تورىنىڭ 30 ـ دېكابىردىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، خىتاينىڭ ئىناۋىتى دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدا قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان بولۇپ، بۇ خىتاينىڭ دۇنياغا ئاتامان بولۇش غەرىزىگە ئېغىر سەلبىي تەسىر كۆرسەتمەكتە ئىكەن.**

مەزكۇر ماقالىدە، خىتاينىڭ سابىق مۇئاۋىن باش مىنىستىرى جاڭ گاۋلىنىڭ ئۆزگە جىنسىي زوراۋانلىق قىلغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، بىر مەھەل يوقىتىۋېتىلگەن ۋە كېيىن بۇ گېپىدىن يېنىۋېلىشقا مەجبۇرلانغان خىتاينىڭ ئايال تېنىس توپ ماھىرى پېڭ شۈەينىڭ ۋەقەسى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمىتى مىسال كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، خىتاينىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان، كۆچلۈك دەلىل - پاكىتلىرى مەۋجۇت مەسىلىلەردىكى مۇتتەھەملىرىچە، تەلتۆكۈس ئىنكارچىلىق تۇتۇمى سەۋەبلىك خەلقئارادا ئىناۋەت كىرىزىسىگە دۇچ كەلگەنلىكى؛ شۇنداقلا، بۇنىڭ چوڭ دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارادا ئۆز تەسىرىنى كۆچەيتىشتە قوللىنىدىغان «يۇمشاق كۈچى»نى ئاجىزلىتىۋېتىدىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

## ئامېرىكادىكى يەھۇدىيلار ئۇيغۇرلار ئۈچۈن خىتايغا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە ئۈندەلدى

يەھۇدىي يازغۇچى لاۋرا ئادكىنس 30 - دېكابىر «forward» تورىدا «خىتاي ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلىۋاتقان بۇ پەيتلەردە، ئامېرىكادىكى يەھۇدىيلار چوقۇم ھەرىكەتكە ئۆتۈشى كېرەك» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ، مەزكۇر ماقالىدە «ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى توسۇش - تورسماسلىق مۇشۇ بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئەخلاق سىنىقىدۇر. ھالبۇكى، بىز بۇ سىناقتا مەغلۇپ بولۇۋاتىمىز» دېيىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئالدىنقى ئەسىردىكى يەھۇدىي قەتلىئامىنى «ھەرگىز قايتىلانمايدۇ» دەپ جار سېلىۋاتقان دۇنيانىڭ، جۈملىدىن شۇ قەتلىئامنىڭ قۇربانى بولمىش يەھۇدىيلارنىڭمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېچىنىشلىق قىسمىتىگە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى تىلغا ئېلىنغان ۋە يەھۇدىيلارنىڭ بۇ خۇسۇستا چوقۇم ھەرىكەتكە ئۆتۈشى كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن.

## خىتاي غەرب ئەللىرىگە تەۋە تور بەتلەردىن زور مىقداردا سانلىق مەلۇماتلارنى توپلىماقتا

«ۋاشىڭتون پوچتىسى گېزىتى» تورىنىڭ 31 - دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، مەزكۇر گېزىتخانىنىڭ خىتاينىڭ نەچچە يۈز پارچە خېرىدار چاقىرىش ھۆججەتلىرىنى تەكشۈرۈشىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنى، ھەربىي قىسىملىرىنى ۋە ساقچىلىرىنى چەتئەلدىكى «نىشان»لارغا ئالاقىدار ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەش مەقسىتىدە،

ئەسلىدە ئىچكى قىسىمدىكى ئىنتېرنېت سانلىق مەلۇماتلىرىنى نازارەت قىلىشقا ئىشلىتىلگەن سىستېما ئارقىلىق غەرب ئەللىرىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقە تورلىرىدىن ئۇچۇر توپلىغان.

ئىگىلىنىشچە، خىتاينىڭ پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغان «جامائەت پىكرىنى تەھلىل قىلىش يۇمشاق دېتالى» دەپ ئاتىلىدىغان سانلىق مەلۇماتلارنى نازارەت قىلىش سۇپىسى بار بولۇپ، ئالدىنقى ئون يىل ئىچىدە بەرپا قىلىنغان مەزكۇر سۇپا خىتاي دائىرىلىرىگە توردىكى سىياسىي سەزگۈر ئۇچۇرلار ھەققىدە خەۋەر بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلگەن.

مەزكۇر سۇپا ئاساسلىقى خىتاينىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئىنتېرنېت ئىشلەتكۈچىلىرى ۋە تاراتقۇلىرىغا قارىتىلغان بولسىمۇ، ئەمما 2020 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن باشلانغان 300 دىن ئارتۇق خىتاي ھۆكۈمەت تۈرىنىڭ خېرىدار چاقىرىش ھۆججىتى ۋە توختامىدىن مەلۇم بولۇشىچە، مەزكۇر سۇپا فېيسبوك ۋە تۋىتتېرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەرب ئەللىرىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقە تورلىرىدىن ئۇچۇر قېزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن.

## خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى سېتىشقا چەك قويغان ۋولمارت شىركىتىنى «ھاماقەت» دەپ ئەيىبلىدى

«ئەلجەزىرە» تورىنىڭ 31 ـ دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، يېقىندا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا زەنجىرسىمان تالالا بازارلىرى بار ۋولمارت شىركىتىنىڭ خىتايدىكى دۇكانلىرىدا شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان قىسمەن مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىشتىن توختىتىلغانلىقى سەۋەبلىك، خىتايدىكى ئىجتىمائىي ئالاقە تورلىرىدا كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغالغاندى. گەرچە ۋولمارت شىركىتى بۇنى «مەقسەتلىك قىلىنغان ئىش بولماستىن، بەلكى ئىسكىلاتتىكى ماللارنى رەتلەشنىڭ نەتىجىسى» دەپ چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى بۇ چۈشەندۈرۈشنى قوبۇل قىلمايلا قالماستىن، 28 ـ دېكابىر كۈنى رەسمىي باياناتى ئېلان قىلىپ، ۋولمارت شىركىتىنىڭ قىلمىشىنى «ھاماقەتلىك» دەپ ئەيىبلىگەن ھەمدە ئەگەر ۋولمارت شىركىتى «خىتاي خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلمىسا، ئىستېمالچىلار ئەمەلىي ھەرىكەت قوللىنىدۇ» دېيىش ئارقىلىق، خىتاي خەلقىنى ۋولمارت شىركىتىنىڭ دۇكانلىرىدىن بىر نەرسە سېتىۋالماسلىققا، ئۇلارنى بايقۇت قىلىشقا كۈشكۈرتكەن. ئالدىنقى ئايدا، «ئۇيغۇر مەجبۇرىي

ئەمگەكنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى» ماقۇللانغاندىن كېيىن، خىتايدا تىجارەت قىلىۋاتقان ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ مەزكۇر قانۇنغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئالاقىدار تەدبىرلەرنى قوللانغانلىقى سەۋەبلىك، خىتاي دائىرىلىرى ۋە خىتاي خەلقىنىڭ كۈچلۈك بېسىمغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم.

## تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئىرقىي قىرغىنچىلىقتا چېتىشلىق خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۈستىدىن سوتقا ئەرز سۇندى

«ئەلجەزىرە» تورىنىڭ 4 ـ يانۋاردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا سولانغان ياكى يوقىتىۋېتىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىيەدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىرغىنچىلىق سىياسەتلىرىگە ياردەم بەرگەن ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدا بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك رول ئوينىغان 112 نەپەر خىتاي ئەمەلدارى ئۈستىدىن تۈركىيە باش تەپتىش مەھكىمىسىگە جىنايى ئىشلار ئەرزى سۇنغان بولۇپ، ئۈستىدىن ئەرز سۇنۇلغانلار ئارىسىدا خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ ۋە خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ سابىق سېكرېتارى چېن چۈەنگو قاتارلىقلارمۇ بار.

مەزكۇر داۋانىڭ باش ئادۋوكاتى گۆلدەن سۆنمەز بۇ ھەقتە شۇنداق دېگەن: «ئەسلىدە خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتى ئاللىقاچان بۇ ھەقتە سوت ئېچىپ بولۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن خىتاي (ب د ت) خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ ئەزاسى بولغاچقا، مەزكۇر مېخانىزم ئىچىدە بۇنى رويابقا چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس... ھالبۇكى، تۈركىيەنىڭ قانۇنىدا ئۇنىۋېرسال سوتلاش ھوقۇقى ئېتىراپ قىلىنىدۇ. تۈركىيە سوت مەھكىمىسى قىيىن ـ قىستاق، ئىرقىي قىرغىنچىلىق، باسقۇنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت قاتارلىق قىلمىشلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلالايدۇ ۋە جىنايەتچىلەرنى سوتلىيالايدۇ».

ھالبۇكى، خىتاي بىلەن تۈركىيەنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي مۇناسىۋىتى يېقىنلىشىۋاتقان بۈگۈنكىدەك ۋەزىيەتتە، مەزكۇر ئەرزنىڭ تۈركىيە ئادالەت مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدىغان ياكى قىلىنمايدىغانلىقى ھېلىھەم ئېنىق ئەمەس ئىكەن.

## «يەرشارى ئىماملار كېڭىشى» مۇسۇلمانلارنىڭ بېيجىڭ ئولىمپىكىغا قاتنىشىشىنى چەكلىدى

«NTD» تورىنىڭ 4 ـ يانۋاردىكى خەۋىرىگە كۆرە، «يەرشارى ئىماملار كېڭىشى» 30 ـ دېكابىر باياناتى ئېلان قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى 2022 ـ يىللىق قىشلىق ئولىمپىكقا قاتنىشىش ۋە ئۇنى كۆرۈشتىن چەكلىگەن ھەمدە بۇ قارارنى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان زۇلمى سەۋەبلىك چىقارغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

«يەرشارى ئىماملار كېڭىشى» دۇنيادىكى بارلىق ئىسلامىي مەزھەپلەردىكى دىنىي داھىيلارنىڭ تۈنجى ۋە ئەڭ چوڭ، دۆلەت ھالقىغان ھۆكۈمەتسىز ئورگىنى بولۇپ، مەزكۇر ئورگاننىڭ تور بېتىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئۇنىڭ دۇنيا مىقياسىدا جەمئىي 1300 دىن كۆپرەك ئەزاسى بار ئىكەن.

ئېلان قىلىنغان باياناتتا، مەزكۇر ئورگاننىڭ رەئىسى ئىمام مۇھەممەد باقىر ئەلبۇدايرى بېيجىڭ ئولىمپىكىنى «ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلغان مۇستەبىت ۋە زالىم ھاكىمىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بىۋاستە خىزمەت قىلىدۇ» دېگەن.

باياناتتا يەنە: «يەرشارى ئىماملار كېڭىشى 2022 ـ يىللىق بېيجىڭ ئولىمپىكىغا ئىشتىراك قىلىش ۋە مۇسابىقىلىرىنى كۆرۈش ھارام دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ» دېيىلگەن.

## خىتاي ئولىمپىك ئارقىلىق ئوبرازىنى پەردازلاشقا ئۇرۇنماقتا

«كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى» تورى 5 ـ يانۋار «كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ئولىمپىكىنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرىدۇ. <تەنتەربىيە ئارقىلىق پەردازلىنىش> ئۇرۇنۇشلىرىغا خاتىمە بېرىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىپ، دۇنيا مىقياسىدا ئىككى ملياردقا يېقىن كۆرۈرمەنى بار قىشلىق ئولىمپىكىنىڭ خىتايغا ئوخشاش ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى سادىر قىلىۋاتقان مۇستەبىت دۆلەتتە ئۆتكۈزۈلۈشىنىڭ خاتا قارار ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئولىمپىك ۋە دۇنيا لوڭقىسىنى تالىشىش پۇتبول مۇسابىقىسىگە ئوخشاش خەلقئارالىق تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ رەزىل ئوبرازىنى پەردازلاش ئۇرۇنۇشىنىڭ مۇستەبىت دۆلەتلەر دائىم قوللىنىدىغان مېتودقا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى بايان قىلغان ۋە بۇنىڭغا رۇسىيەنىڭ 1980 ـ

يىلىدىكى. ئولىمپىك، شۇنداقلا 2018 - يىلىدىكى دۇنيا لوڭقىسى پۇتبول مۇسابىقىسى ئارقىلىق ئۆز ئوبرازىنى پەردازلىغانلىقى، شۇنداقلا بۇ جەھەتتە بەلگىلىك ئۇتۇق قازانغانلىقى مىسال قىلىپ كۆرسىتىلگەن.

## خىتاي ئۆز تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ «مەجبۇرىي ئەمگەك» ئارقىلىق ھازىر بولغان كىيىملەرنى كىيىدىغانلىقىنى جاكارلىدى

«جەنۇبىي خىتاي سەھەر گېزىتى» تورىنىڭ 7 - يانۋاردىكى خەۋىرىگە كۆرە، شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان ئىككى مىڭدىن ئارتۇق تەنتەربىيە فورمىسى بېيجىڭدىكى قىشلىق ئولىمپىككە قاتنىشىدىغان خىتاي تەنھەرىكەتچىلىرىگە يەتكۈزۈلگەن.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ پايتەختى ۋە تۆگە يۇڭىدىن ئىشلەپچىقىرىلغان، پەلەي، پوسما قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزكۇر يۈرۈشلۈك قىشلىق كىيىملەرنىڭ رەسىملىرى قابا ناھىيەسىدىكى ياجۇ توقۇمىچىلىق شىركىتى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان.

بۇ ئىشنىڭ ئۇيغۇرلارغا چېتىشلىق مەجبۇرىي ئەمگەك مەسىلىسى سەۋەبلىك، ئامېرىكادا «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى» ماقۇللانغاندىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىقىشى خىتاينىڭ ئۆز قىلمىشلىرىدىن نومۇس قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئامېرىكا باشلىق غەرب دۇنياسىغا خىرس قىلىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

## بىيو تېخنىكا ساھەسىدىكى داڭدار كارخانىچى بېيجىڭ ئولىمپىكىنى ناتسىستلار دەۋرىدىكى بېرلىن ئولىمپىكىغا ئوخشاتتى

«foxnews» تورىنىڭ 8 - يانۋاردىكى خەۋىرىگە كۆرە، بىيو تېخنىكا ساھەسىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ياش كارخانىچى، شۇنداقلا، كىتابلىرى «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» تەرىپىدىن «ئەڭ بازارلىق كىتابلار» قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن يازغۇچى ۋە سىياسىي تەھلىلچى ۋىۋېك راماسۋامى خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە قارىماستىن، ئۆتكۈزۈلۈش ئالدىدا تۇرغان بېيجىڭ ئولىمپىكىنى مەبلەغ بىلەن قوللىغان شىركەتلەرنى «ئىككى يۈزلىمىچىلىك» بىلەن ئەيىبلەپ، «ھەرقانداق بىر شىركەت ئىجتىمائىي ئادالەتكە كۆڭۈل بۆلۈش - بۆلمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ئولىمپىكنى قوللىماسلىقى كېرەك. مەنچە

بۇ 1936 ـ يىلىدىكى بېرلىن ئولىمپىكىنىڭ ئۆز ئەينى تەكرارلىنىشىدۇر. ئەينى چاغدا، ناتسىستلار مەزكۇر ئولىمپىكتىن ئۆزىنىڭ يەھۇدىيلارغا ۋە باشقا ئاز سانلىقلارغا قىلغان زۇلۇملىرىنى يوشۇرىدىغان تەشۋىقات پۇرستى سۈپىتىدە پايدىلانغانىدى ۋە بۇ ئىشى كارغا كەلگەنىدى. شۇ چاغدىمۇ، ئولىمپىكنى بايقۇت قىلىش چاقىرىقلىرى بولغان ئىدى ـ يۇ، ئەمما ئاۋاز قوشقانلار ناھايىتى ئاز بولغاچقا، بۇ ئىش ناتسىست ھاكىمىيىتىنى يوللۇقلاشتۇرغانىدى. نۆۋەتتە خىتايدىمۇ دەل شۇنىڭغا ئوخشاش ئىش يۈز بېرىۋاتىدۇ. مەنچە، بىز ھازىر شاھىت بولۇۋاتقان، ئۇيغۇرلارغا قىلىنغان قەبىھلىكلەر (ناتسىست ھاكىمىيىتى دەۋرىدىكى) گېرمانىيەدىن قالسىلا، ئەڭ ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق جىنايەتلىرىدۇر» دېگەن.

## تۈركىيەدە ئۇيغۇر زىيالىيسى زەينۇرە ئەيسا خانىم ئالەمدىن ئۆتتى

ئۆز خەۋىرىمىز: ئۇزاق يىللاردىن بېرى تۈركىيەدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىيسى زەينۇرە ئەيسا خانىم 2022 ـ يىلى، 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، كېسەل سەۋەبى بىلەن ئىستانبۇلدا ئالەمدىن ئۆتتى.

زەينۇرە ئەيسا خانىم 1941 ـ يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان. ئاقسۇدا چوڭ بولغان. 1965 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن. ياشلىق يىللىرىدا شېئىرىي ئىجادىيەت يولىغا قەدەم قويغان ۋە بەزى شېئىر توپلاملىرى نەشر قىلىنغان. پەرھات جىلاننىڭ «مەھمۇت كاشغەرى» ناملىق رومانىنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىپ، 2006 ـ يىلى تۈركىيەدە نەشر قىلدۇرغان. ھاجى مىرزاھىد كېرىمىنىڭ «يۈسۈپ خاس ھاجىپ» ناملىق ئەسىرىنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىپ 2020 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان.

زەينۇرە ئەيسا خانىم ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىيەدە تونۇلۇشى ئۈچۈن ئۆز قەلىمى ئارقىلىق توختاۋسىز كۈرەش قىلغان ئىنقىلابچى زىيالىي بولۇپ، ئىجادىيەتتىن سىرت، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى پىكرىي ۋە تەشۋىقات كۈرەشلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلار ياشلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىنقىلابىي ئاڭغا، كۈرەشچانلىق روھىغا ئىگە بولۇشىدا باشلامچىلىق رولىنى تېگىشلىك رەۋىشتە جارىي قىلدۇرغان.

## كانادا بىلەن لىتۋانىيە تەيۋەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتتى

«يەرشارى پوچتا گېزىتى»نىڭ 10 ـ يانۋاردىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، كانادانىڭ خىتاي بىلەن بولغان جىددىيلىكى داۋاملىشىۋاتقان ۋەزىيەتتە، كانادانىڭ تەيۋەن بىلەن «چەتئەل مەبلىغىنى قوغداش كېلىشىمى» ئىمزالاش قارارى سودا ساھەسى ۋە دىپلوماتىك ساھەدىكىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قوللىشىغا ئېرىشكەن.

كانادانىڭ خەلقئارا سودا مىنىستىرى مارىي ۋۇ 10 ـ يانۋاردىكى باياناتىدا كانادانىڭ مۇددىئاسىنى ئىزاھلاپ، ئۆزىنىڭ 9 ـ يانۋار تەيۋەننىڭ مەلۇم بىر مىنىستىرى بىلەن تېلېفونلاشقانلىقىنى ئاشكارىلىغان. ئۇ كانادا ھىندى ـ تىنچ ئوكياندىكى سودا ئالاقىسىنى كۆپ خىللاشتۇرماقچى بولۇۋاتقان نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە، تەيۋەننىڭ كانادا ئۈچۈن مۇھىم سودا ۋە مەبلەغ سېلىش شېرىكى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

بۇنىڭدىن سىرت، «spectator» تورىنىڭ 15 ـ يانۋاردىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، لىتۋانىيەمۇ بېيجىڭنىڭ زوراۋان تۇتۇمىغا پىسەنت قىلماي، تەيۋەننى قوللاش سالمىقىنى كۈچەيتكەن. گەرچە لىتۋانىيە 2021 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، مەركىزىي ۋە شەرقىي ياۋروپا ئەللىرى خىتاي بىلەن بەرپا قىلغان «1 + 17» ھەمكارلىق رامكىسىدىن چېكىنىپ چىقىپ، خىتاي بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنىڭ ئون يىلنىڭ ياقى ئۆزلىرىگە ھېچبىر پايدا ئەكەلمىگەنلىكىنى ئېيتقان، شۇنداقلا تەيۋەننىڭ لىتۋانىيەدە ئىشخانا تەسىس قىلىشىغا يول قويغان، نەتىجىدە بۇ خىتاينىڭ لىتۋانىيەدىكى باش ئەلچىسىنى قايتۇرۇپ كېتىشى ۋە لىتۋانىيەگە قارشى سودا ئېمبارگوسى يۈرگۈزۈشىگە سەۋەب بولغان، ھەتتا خىتاي لىتۋانىيەنى «تارىخنىڭ ئەخلەت ساندۇقىغا كۆمۈۋېتىدىغانلىقى» توغرىسىدا پوپوزا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما لىتۋانىيە خىتاي قارشى تۇتۇمىنى يۇمشاتماستىن، يېرىم ئۆتكۈزگۈچ قاتارلىق ساھەلەردە تەيۋەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى داۋاملىق كۈچەيتمەكتە ئىكەن.

## بەشىنچى باشقارما ئەنگلىيە پارلامېنت ئەزالىرىنى خىتاي جاسۇسى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇردى

«روييتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 14 ـ يانۋاردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئەنگلىيەنىڭ دۆلەت ئىچكى جاسۇسلۇق تەشكىلاتى «بەشىنچى باشقارما» پارلامېنت ئەزالىرىنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ پارلامېنت ئەزالىرىغا ناتوغرا تەسىر كۆرسىتىش مەقسىتىدە بىر ئايالنى ئىشقا سېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغان.

بەشىنچى باشقارما 13 ـ يانۋار پارلامېنت ئەزالىرىغا كىرىستىن لى ئىسىملىك ئايالنىڭ سۈرىتىنى يوللىغان ۋە بۇ ھەقتە يېزىقچە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، بۇ ئايالنىڭ خىتاي كومپارتىيىسىگە ۋاكالىتەن ئەنگلىيەدە «سىياسىي مۇداخىلىچىلىك قىلغان»لىقىنى ئېيتقان.

بەشىنچى باشقارمىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى پارلامېنت ئەزالىرىغا يەتكۈزگەن لىندسېي خويلېنىڭ ئېيتىشىچە، بەشىنچى باشقارما كىرىستىن لىنىڭ «خوڭكوڭدىكى ۋە خىتايدىكى چەتئەللىكلەرگە ۋاكالىتەن، نۆۋەتتە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان، كۆچلۈك كەسپىي غايىگە ئىگە پارلامېنت ئەزالىرىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن»لىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئەنگلىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى پرىتى پاتېلنىڭ مۇخبىرلارغا ئېيتىشىچە، كىرىستىن لىنىڭ قىلمىشى ھازىرچە جىنايەت شەكىللەندۈرمىگەچكە، ئۇنى سوتقا تارتقىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ھۆكۈمەت بۇ ھەقتە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش ئارقىلىق، پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ كىرىستىن لىنىڭ ناتوغرا تەسىر كۆرسىتىش قىلمىشلىرىغا قارىتا ھوشيار بولۇشىغا تۈرتكە بولالايدىكەن.

## ھىندونېزىيەلىك ئۇقۇغۇچىلار خىتايغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈپ، 2022 ـ يىلى بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىنى بايقۇت قىلىشنى تەلەپ قىلدى

«devdiscourse» تورىنىڭ 14 ـ يانۋاردىكى خەۋىرىگە كۆرە، شۇ كۈنى ھىندونېزىيەنىڭ ھەرقايسى مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئىسلامىي ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ (AMI) قوللىشى ئاستىدا، خىتاينىڭ جاكارتادىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزگەن ۋە بىر پارچە بايانات ئېلان قىلغان. ئوقۇغۇچىلار مەزكۇر باياناتىدا، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ خىتاي دائىرىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت سادىر قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇنىڭغا قارىتا سەۋەبسىز قولغا ئېلىش، تۈرمىگە سولاش، قىيناش، ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىش قاتارلىق بىر قىسىم ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە ئالاقىدار ئىسپاتلارنى كۆرسەتكەنلىكىنى؛

خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى دۇنيا سەھنىسىدىن يوقىتىۋېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى؛ بۇنىڭدىن سىرت، خىتاينىڭ پۈتۈن دۇنيانى، جۈملىدىن ھىندونېزىيەنى مۇستەملىكە قىلىش غەرىزى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە خىتايدىن ئۇيغۇرلارغا قاراتقان جىنايەتلىرىنى دەرھال توختىتىشنى تەلەپ قىلغان. شۇنداقلا، ھىندونېزىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق دۆلەتلەرنى كېلەركى ئايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكنى بايقۇت قىلىشقا چاقىرغان.

## BBC دەھشەتلىك كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى بىلەن ئەيىبلەنگەن خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى كارخانىلىرىغا 150 مىليون فوندستېرلىڭدىن ئارتۇق مەبلەغ سالغان

«indiablooms» تورىنىڭ 15 ـ يانۋاردىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، «كۈندىلىك پوچتا گېزىتى»نىڭ خەۋىرىگە كۆرە، ھاكىمىيەت بېشىدىكى كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى ئىككى شىركەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مۇستەبىت خىتاي ھاكىمىيىتىنى قوللاش بىلەن ئەيىبلەنگەن ئون شىركەت ئەنگلىيەدىكى دۇنياغا مەشھۇر تاراتقۇ شىركىتى BBC نىڭ ھازىرقى ۋە سابىق خىزمەتچىلىرىدىن بولۇپ، جەمئىي 47 مىڭغا يېقىن كىشىنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش فوندىدىن مەبلەغكە ئېرىشكەن.

تاراتقۇلارنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، كىرىم جەھەتتە ئاساسلىقى كۆرۈش ھەققىگە تايىنىدىغان BBC شىركىتى مەزكۇر خىتاي شىركەتلىرىگە كەم دېگەندە 155 مىليون 800 مىڭ فوندستېرلىڭ (213 مىليون 600 مىڭ دوللار) مەبلەغ سالغان. ئەمما BBC ياشانغاندا كۈتۈنۈش فوندى پەقەت ئۆزىنىڭ يىگىرمە چوڭ پايچېكىنىلا ئېلان قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھەقىقىي مەبلەغنىڭ مىقدارى تېخىمۇ يۇقىرى بولۇشى مۇمكىن.

ھۆججەتلەردە كۆرسىتىلىشىچە، BBC نىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش فوندى خىتايدىكى ئالتە شىركەت بىلەن مەخپىي ھوقۇق ـ مەنپەئەت مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولۇپ، ھەتتا بۇلاردىن بىرى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن شىركەت ئىكەن.

خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن خەۋەر قىلىپ كەلگەن بىر تاراتقۇنىڭ خىتاي شىركەتلىرى بىلەن بۇنچە قويۇق مەنپەئەت باغلىنىشى بارلىقى كىشىلەرنى ئەجەبلەندۈرگەن.

## خىتاي خاككېرلىرى ھىندىستاننىڭ ھالقىلىق ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرىغا تەھدىت سالدى

«theweek» تورىنىڭ 16 ـ يانۋاردىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي ـ ھىندىستان چېگراسىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەندە، خىتاي بىرلا ۋاقىتتا تور ھۇجۇمىمۇ قوزغىغان بولۇپ، خىتاي خاككېرلىرى ھىندىستاندىكى توك يەتكۈزۈش مەركەزلىرىگە سوقۇنۇپ كىرگەن.

ئالدىنقى ئىككى يىلدا، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى ۋە «خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى»نىڭ خادىملىرىنىڭ ھىندىستان ھۆكۈمىتىنى، دۆلەت مۇداپىئە ۋە تېلېگراف سىستېمىسىنى نىشان قىلغان ئاتمىش قېتىملىقتىن كۆپرەك ھۇجۇمى بايقالغان. ھەتتا بۇنىڭ ئىچىدە، شەرقىي تۈركىستاندىكى بىر تور قىسمىنىڭ ئېنىق ئورنىمۇ ئېنىقلانغان. ئەمما، ھىندىستان دائىرىلىرى مەزكۇر تور قىسمىنىڭ خەرىتىدىكى ئورنىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنى قەتئىي ئىنكار قىلغان.

## ئامېرىكا ۋە ئىتتىپاقداشلىرى ئولىمپىكنى دىپلوماتىك بايقۇت قىلغان ئەھۋالدا، رۇسىيە بىلەن خىتاي ئۆزئارا يېقىنلىقنى تەكىتلىمەكتە

«ۋاشىڭتون ۋاقىت گېزىتى» تورىنىڭ 17 ـ يانۋاردىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە، ياپونىيە ۋە ئەنگلىيە بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىغا دىپلوماتىك ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە نارازىلىق بىلدۈرگەن ئەھۋالدا، رۇسىيە پرېزىدېنتى پۇتىن مەزكۇر ئولىمپىكنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ۋە خىتاي پرېزىدېنتى شى جىنپىڭ بىلەن رەسمىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى پىلانلىغان. رۇسىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى لاۋروفنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكى باشلانغان كۈنى، يەنى 4 ـ فېۋرال پۇتىن بىلەن شى جىنپىڭ ئارىسىدا رەسمىي باشلىقلار ئۇچرىشىشى ئۆتكۈزۈلىدىكەن ۋە بۇ يىغىن تەكلىپىنى شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغانىكەن.

تەھلىلچىلەرگە كۆرە، رۇسىيەنىڭ مۇشۇ ئاينىڭ بېشىدا قازاقىستاندا يۈز بەرگەن نامايىشلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن قازاقىستانغا ئەسكەر كىرگۈزگەنلىكى رۇسىيە بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى مەنپەئەت توقۇنۇشىنى گەۋدىلەندۈرگەن ئەھۋالدا، رۇسىيە بىلەن خىتاي مۇشۇنداق بىر ئۇچرىشىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇت مەنپەئەت توقۇنۇشلىرىغا قارىماستىن، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەربكە قارىتا بىرلىكسەپ ھاسىل قىلغانلىقىنى، يېقىن كەلگۈسىدە غەربنىڭ ئۈمىد قىلغىنىدەك «تەتۈر قارىشىش» نىيىتى يوقلۇقىنى بىلدۈرمەكچى بولغان.

## فرانسىيە پارلامېنتى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان جىنايەتلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ تونۇدى

«france24» تورىنىڭ 20 ـ يانۋاردىكى خەۋىرىگە كۆرە، شۇ كۈنى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان قەبىھ جىنايەتلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئېتىراپ قىلىش ھەققىدىكى قارار لايىھەسى فرانسىيە پارلامېنتىدا ئاۋازغا قويۇلغان ۋە 169 ئاۋاز، يەنى مۇتلەق ئۈستۈنلۈك بىلەن ماقۇللانغان. بۇ قارار لايىھەسى نۆۋەتتىكى پرېزىدېنت ئېمانۇئېل ماكروننىڭ پارتىيەسى بولغان «ئىلگىرىلەۋاتقان جۇمھۇرىيەت پارتىيەسى»نىڭمۇ قوللىشىغا ئېرىشكەن.

مەزكۇر قارار لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان پارلامېنت ئەزاسى، شۇنداقلا سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ رەئىسى ئولىۋېر فاۋرې «france24» قانىلىغا «خىتاي چوڭ دۆلەت، بىز خىتاي خەلقىنى ياخشى كۆرىمىز. ئەمما بىز بىزنىڭ توخۇ يۈرەكلىكىمىز ۋە ئاچكۆزلۈكىمىزدىن پايدىلىنىپ، ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا ئىرقىي قىرغىنچىلىق سادىر قىلىۋاتقان ھاكىمىيەتنىڭ تەشۋىقاتلىرىغا تىز پۈكمەيمىز» دېگەن.

## ئامېرىكا پارلامېنت ئەزالىرى «تېسلانىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تىجارىتىنى كېڭەيتىشى ناچار ئۈلگە تىكلىدى» دېدى

«قوغدىغۇچى گېزىتى» تورىنىڭ 21 ـ يانۋاردىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، دېموكراتلار پارتىيەسىدىن بولغان ئاۋام پالاتا ئەزاسى بىل پاسكرېل بىلەن ئامېرىكا ئاۋام

پالاتاسى پۇل تۇپلاش كومىتېتىنىڭ مەسئۇلى ئېرل بلۇمېناۋۇر تېسلا شىركىتىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى ئېلون ماسكقا يازغان بىرلەشمە خېتىدە، ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى خاتا كېڭەيمىچىلىكىنى باشقىلارغا خاتا ئۈرنەك تىكلەپ بەردى ۋە نۆۋەتتىكىدەك تەشۋىشلىك مەزگىلدە، خىتاينىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈۋەتتى، دەپ ئەيىبلىگەن.

## ئەنگلىيە پارلامېنت ئەزالىرى ھۆكۈمەتنى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارىتا تېخىمۇ كۆپ ھەرىكەت قوللىنىشقا چاقىردى.

«ntd» تورىنىڭ 21 ـ يانۋاردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى بۇلتۇرنىڭ ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستاندا قىيىن ـ قىستاق، ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈز بېرىۋاتقانلىقىغا دائىر پاكىتلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن كېيىن، بۇ خۇسۇستا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە قارىتىلغان ھەرىكەتكە ئۆتۈش چاقىرىقلىرى كۈچەيمەكتە. ئەنگلىيە پارلامېنت ئەزالىرى 20 ـ يانۋار مەخسۇس مۇنازىرە ئۆتكۈزۈپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن قوشۇمچە جازا، قارا تىزىملىك ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە قارشى قانۇنلارنى ئىلان قىلىش دېگەندەك تېخىمۇ قاتتىق تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. پارلامېنتتىكى مۇنازىرە جەريانىدا، پارلامېنت ئەزاسى نۇسرەت غەنى ھۆكۈمەتنىڭ بۇ مەسىلىگە ئىنكاس قايتۇرۇش جەھەتتە «قانۇنىي ۋە ئەخلاق مەجبۇرىيىتى بار» دېگەن.

## خىتاي قىشلىق ئولىمپىك مەزگىلىدە غەربتىكى «تىك ـ توك»چىلار ئارقىلىق ئۆز ئوبرازىنى پەردازلاشقا ئۇرۇنماقتا

«قوغدىغۇچى گېزىتى» تورىنىڭ 22 ـ يانۋاردىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، بېيجىڭدىكى قىشلىق ئولىمپىككە قارشى دىپلوماتىك بايقۇتلاردىن تەشۋىشلەنگەن خىتاي دائىرىلىرى غەربتىكى ئاممىۋى مۇناسىۋەت مۇتەخەسسىسلىرىنى يالالاپ، غەرب ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئەيىبلەشلىرىدىن پەرقلىق ھېكايىلەرنى بازارغا سېلىشقا ئۇرۇنماقتا.

بۇنىڭ تىپىك ئۈرنەكلىرىدىن بىرى شۇكى، بۇلتۇر 11 ـ ئايدا، يەنى ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ بايدېن بېيجىڭ ئولىمپىكىنى دىپلوماتىك بايقۇت قىلىشنى ئويلىشىۋاتقاندا،

«فوكس خەۋەرلىرى» ۋە «HSBC»نىڭ سابىق ئىجرائىيە ئەمەلدارى، «Newsweek»نىڭ مەخسۇس ماقالىچىسى ۋېپىند جاسۋال ختاينىڭ نيۇيوركتىكى باش كونسۇلخانىسى بىلەن، بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكى ۋە مېيىپلار ئولىمپىكىنى پەردازلاش ئۈچۈن تەسىردارلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش پائالىيىتىنى «پىلانلاش ۋە ئىجرا قىلىش» خىراجىتىدا 300 مىڭ دوللارلىق توختام ئىمزالاشقان.

ئامېرىكا ئەدلىيە مىنىستىرلىقىغا تىزىمغا ئالدۇرۇلغان بۇ توختامدا تەپسىلىي ئاممىۋى مۇناسىۋەت ئىستراتېگىيەسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، كېلىشىمگە بىنائەن، 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، يەنى قىشلىق مېيىپلار ئولىمپىكى ئاخىرلاشقانغا قەدەر، ھەق ئېلىش بەدىلىگە مەزكۇر پائالىيەتكە ئىشتىراك قىلغان ھەر بىر تەسىردار شەخسنىڭ ئۈچتىن بەشكىچە «مەھسۇلات»، يەنى نىشانلانغان تاماشىبىنلارغا ماس كېلىدىغان مەزمۇنلارنى «ئىشلەپچىقىرىشى» تەلەپ قىلىنغان. جاسۋال سابىق ئولىمپىك تەنھەرىكەتچىلىرىدىن تارتىپ كارخانىچىلارغىچە بولغان ئەللىكتەك تەسىردار شەخسنىڭ مەزكۇر پائالىيەتكە ئىشتىراك قىلىش ئۈچۈن ئۆزىگە ئىلتىماس سۇنغانلىقىنى ئېيتقان.

بۇنىڭغا كۆرە، ھەر بىرىنىڭ تىك ـ توك، ئىنستاگرام قاتارلىق ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا نەچچە يۈز مىڭلاپ ئەگەشكۈچىسى بار بولغان، غەربتىكى تونۇلغان تەسىردار شەخسلەر كېلەركى ئايدىكى بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكى جەريانىدا ختاينى كۆيلەيدىغان ھېكايىلەرنى ياغدۇرۇۋېتىشى مۇمكىن.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



**ئەكرەم ھاشىموۋ (1963-2022)**


ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىنىڭ يېتۈك تەتقىقاتچىسى، سەنئەتشۇناس، ئۆزبېكىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئەربابى، ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ بايراقدارى ئەكرەم ھاشىموف ئەپەندى

# ئۇيغۇرلار

## The Uyghurs

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



ئۆتمۈشكە ئبرەت بلەن، كەلگۈسگە ئۈمد بلەن بېقشمز كېرەك.